# « قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىيال-
# لىرى » تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر : سۇرۇڭچۇن

مۇئاۋىن مۇدىرلار: لى كەي، ۋاڭ شياڭ، ئابدۇقادىر-
ھېيت.


ھەيئەت ئەزالىرى : ۋاڭ يىڭ لىڭ، مەھەممەتجان ئۇس-
مان، قەمەرجان ، مەھەممەت ئىمىن قۇربان، جاۋشىنفەن، قۇر-
بان ئىمىن، شياۋ پېيرۇڭ.

# قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى

بىرىنچى توپلام

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر شەھەرلىك
تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى
تەرىپىدىن تۈزۈلدى

1986 - يىل دېكابىر



ھېيتگاھ مەيدانى

لى خۇڭتەي فوتوسى

Yeni Doğan Man. Sok.
No. 7/4 Tel : 558 40 92
Zeytinburnu - Istanbul

ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ، ماتېرىيالنى كەڭ ۋە كۆپ
توپلاپ، ياخشى تاللاپ، تۈجۈپىلەپ
ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ماددىي
مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى!

جاڭ جېنۇ

1986 - يىل 28 - دېكابىر

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ سۇرۇقچۇن 1

ئالدىنقى سۆز ........ 7

قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي تەرەققى-
ياتى ........ جاۋشىنخەن 11

سۇلې — قەشقەر يەرناملىرىنىڭ مەنىسى ۋە ئۆ-
نىڭ ئۆزگىرىشى ........ ۋاڭ شياڭ 16

يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت — قەشقەر ... لى كەي 29

ۋونەيىەن قەشقەردە ........ شياۋ پيرۇڭ 36

30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا پامىر ئېگىزلىكىدە ھەرى-
كەت قىلغان كوممۇنىستلار ........ 46

گېنېرال جاۋشىڭگۇاڭ قىممىنى باشلاپ ھەق-
قەتكە قايتىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە ... شىخەيشياۋ 60

يەكەن ۋەقەسىنىڭ ئۆتمۈشى ........ شياۋ پيرۇڭ 104

ئۈچ ئەسلىمە ........ باۋدىيەنخۇا 111

قەشقەردىكى «ئىككى ما» ۋەقەسى ...... شياۋ پيرۇڭ 131

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى «قەشقەر گېزىتى» .. دىڭگۇڭشەن 151

قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ
ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك مۇدىرلىرى ... شياۋ پيرۇڭ 156

ئەسلىسەم ئۆتكەن ئىشلارنى، دولقۇنلىنار قەلبىم
ھامان ........ ليۇخەنچىن 162

ئازادلىق ئارمىيە جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش
قىلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ........ لياڭ مىڭ 184

«ما ئائىلىسى باغچىسى» نىڭ كۆمۈران بو-
لۇشى ........ ۋاڭ لىڭ 194

30 - يىللاردىن تارتىپ 40 - يىللارنىڭ باشلىرى-
غىچە بولغان قەشقەر — سوۋېت سودىسى ... قەمەرجان 198

خاتىمە ........ 204

# كىرىش سۆز

## سۇرۇڭچۈەن

«قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» توپلىمىنىڭ 1 - سانى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتى، قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ مەدەتكارلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ سەمىمىي يېتەكچىلىكى، شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، ھازىر نەشىردىن چىقىپ كۆپ-چىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بۇ، قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدىكى زور خۇشاللىق بىر ئىش. بۇ، پۈتۈن شەھىرىمىزنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىدا ئاك-تىپ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغۇسى.

تارىخ ماتېرىياللىرىنى يېزىشنى قەدىردان جۇ ئېنلەي زۇڭلى 1959 - يىلى 4 - ئايدا سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 60 ياشتىن ئاشقان ئەزالىرىنى قوبۇل قىلغاندا تەشەببۇس قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ دۆلىتىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى،

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تەرى-
پى، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپ تەشكىلىنىڭ مۇھىم
بىر خىزمىتى. 27 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆ-
ۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بۇ
خىزمەتتىمۇ باشقا سەپلەرگە ئوخشاشلا تەرەققىيات تېز،
ئۈنۈم زور بولدى.

مەملىكىتىمىز بويىچە ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش-
لەر زور بىر تۈركۈم تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە باشقا مەخ-
سۇس ئەسەرلەرنى نەشر قىلىپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا
ياخشى تەسىر قوزغىدى.

شەھىرىمىزنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنىڭ ئىش-
لىنىشى كېيىنرەك، سۈرئىتى ئاستىراق بولسىمۇ، ئىككى
يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئەمدى بىر قەدەمنى تۇنجى قېتىم
تاشلىدۇق. مىڭ يوللۇق سەپەرمۇ تۇنجى قەدەمدىن باشلى-
نىدۇ. بىز بۇ بىر قەدەمنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، پۇختا
ھالدا قەدەممۇ - قەدەم ئىلگىرىلەپ، داۋاملىق «قەشقەر
شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» توپلىمىنى نەشر قىلىشىمىز،
ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بارغانسېرى ياخشى چىقى-
رىشىمىز لازىم.

قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.
تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ ۋەزىپىسى، مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى-

نى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان 3 چوڭ ۋەزىپە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۇ، چوقۇم ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپنى كۈچەيتىش ۋە زورايتىشقا پايدىلىق بولۇشى، تىنچ، ئىتتىپاقلاشقان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى، ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق بولۇشى، مەملىكىتىمىزنى جۇڭگوچە زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا پايدىلىق بولۇشى، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» تەسەۋۋۇرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇنلاشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم.

تارىخىي ماتېرىياللار يەرلىك تەزكىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا مۇھىمى — ھازىرقى زامان كىشىلىرى، ھازىرقى زاماندىكى ئادەم ۋە ئىشلار يېزىلىدۇ. ئۇ، يەنە توقۇلىدىغان ئەدەبىيات-پەننىيەت ئەسەرلىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا بىۋاسىتە سەرگۈزەشتىلەر، بىۋاسىتە كۆرگەن، ئاڭلىغان تارىخىي ماتېرىياللار يېزىلىشى ھەمدە ئىشەنچلىكلىكى كۈچلۈك بولۇشى لازىم. ئۇنىڭ دائىرىسى خېلىلا كەڭ بولۇپ، ھەربىي، سىياسىي، مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى، تارىخىي شەخسلەرنى،

يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي - دىنىي ئىشلار ھەققىدىكى ۋەقەلىكلەر ۋە مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەشقەر شەھرىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربى-دىكى تارىخىي ئۇزۇن، نامى مەشھۇر «يىپەك يولىدىكى مەر-ۋايىت» دېگەن نامى بار. «قەشقەر شەھرى تارىخ ماتېرى-ياللىرى» نىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى- قەشقەر شەھرىنىڭ ۋۇشۇ سىياسىي ئۆزگىرىشى①دىن تارتىپ، بولۇپمۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلى. ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرى ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، 3 كە قارشى، 5 كە قارشى تۇرۇش، ھا-كىمىيەت قۇرۇش قاتارلىق تارىخىي مەزگىللەردىكى ماتې-رىياللارنى قېزىپ چىقىپ تارىخنى تەتقىق قىلىش. يەرلىك تەزكىرە يېزىش ئىشلىرىنى ئىشەنچلىك پايدىلىنىش ماتېرى-ياللىرى بىلەن تەمىنلەش، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى ئىجادىيەت خام ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش، زاۋۇت، كان، كارخانىچىلارنى ئىقتىسادىي ئىگىلىك باشقۇ-رۇش جەھەتتىكى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش، كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنى تەپسىلىي ۋە ھەققىي جانلىق تەربىيە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش، كىشىلەردە تەۋرەنمەس ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ۋە يۈكسەك

① 1838 - يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 21 - يىلى) قوزغالغان سىياسىي ئۆزگىرىش.

كوممۇنىستىك غايە تۇرغۇزۇپ ، قەشقەر شەھىرىنى زاما-
نىۋىي شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئاڭلىق
تۆھپە قوشىدىغان قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەت. پار-
تىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنى
ماقۇللىغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومى-
تېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يې-
تەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى» تارىخ ماتېرىيال خىز-
مىتىمىز ئۈچۈن ئوچۇق نىشان كۆرسىتىپ بەردى. بىز «قارار»-
دا بەلگىلەنگەن «3 چوقۇم» دىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى
مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ يېتەكچى فاڭجېنىغا قەتئىي تەۋرەن-
مەي ئەمەل قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دىئالې-
كتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنە-
زەرنى قوللىنىپ ، سىياسىي ئۆتكەل، تارىخىي چىنلىق ۋە يې-
زىق ئۆتكۆلىنى چىڭ ئىگەللەپ ، تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپ-
لاش ، رەتلەش ، تەكشۈرۈپ تەھرىرلەش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەپ ، ئۇنى كەڭ دائىرىدە قېزىپ - توپلاپ، ئىنچىكە تال-
لاپ تۈزۈپ ، راستچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مېغىزىنى تال-
لاپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ ، ئەدەبىي جەھەتتىن
راۋانلاشتۇرۇشىمىز لازىم . مەيلى تارىخىي ۋەقەلىك ياكى تا-
رىخىي شەخسلەر بولسۇن ھەممىدە تارىخىي شارائىتنى ئاساس
قىلىپ ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ، بىرنى بىر ، ئىككى-

كىمنى ئىككى، ياخشىنى ياخشى، ياماننى يامان دېيىشىمىز، ئادىل قەلەم تەۋرىتىشىمىز. ئەينى بۇزماي ئارتۇقچە ماختىماي، خالىغانچە سۇندۇرماي نېمە بولسا شۇنى ئەينەن يېزىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، تارىخ ماتېرىياللىرى ئۇزاق تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

«قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» يېڭىدىن بىخ ئۈرۈپ چىققان بىر تال يۇمران مايسا. قەشقەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تارىخشۇناسلار، سەركۆزەشتىلىرى چوڭقۇر، كۆپنى كۆرگەن ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى بىلىملىك زاتلار ۋە تارىخ ماتېرىياللىرىغا قىزىقىدىغانلاردىن بۇ يېڭى بىخ سۇرۇپ چىققان مايسىنىڭ شاخلاپ باراقسان بولۇپ مېۋە بېرىشى ئۈچۈن ئايانماستىن يولىيورۇق بېرىپ ئۆز ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىپ، زور كۈچ بىلەن يار-يۆلەك بولۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

# ئالدىنقى سۆز

«قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» توپلىمىنىڭ 1-سانى كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ كىتابنىڭ تارقىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىشنى ئىنتايىن زۆرۈر تاپتۇق.

قەشقەر شەھىرى-دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان قەدىمكى شەھەر، تارىخى ئۇزۇن، جۇغراپىيىلىك ئورنى مۇھىم. قەدىمكى «يىپەك يولى» مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن. قەشقەر ئەزەلدىنلا دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھىندىستان ئىككىنچى قۇرۇقلۇقى ۋە ياۋروپا بىلەن سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ كەلگەن مۇھىم تۈگۈن بولۇپ كەلدى. بۇ شەھەردە ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن. شۇڭا بۇ شەھەرنى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى دېيىشكە بولىدۇ. مۇشۇ تارىخىي ۋەقەلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئېلان قىلىش ھەقىقەتەن قەشقەر شەھىرى خەلقىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، ئەلۋەتتە.

لېكىن، تارىخىي ماتېرىياللار نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دەرۋەقە، بىز ھەربىر تارىخىي باسقۇچ ۋە تارىخىي ۋەقەلەر-

نىڭ ھەممىۋاسىنى توپلاش، رەتلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ كېتەلەيمىز. بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئالالايدىغانلىرىمىز پەقەت ئۆزىمىزگە ئېلىنغانتا تېگىشلىك بىر قىسىم ماتېرىياللار-دىنلا ئىبارەت. بۇ دائىرىنىڭ سىرتىدىكى خىزمەتلەرگە كەل-سەك بىز بۇنى باشقا تارماقلاردىكى يولداشلارنىڭ ئورۇنلا-شىغا تەقەززامىز.

يۇقىرىقى پىكىرلەرگە ئاساسەن، بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا ئاساسلىقى يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زاماندا قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدىكى ماتېرىياللارنىلا توپلىدۇق. بۇلار: شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەت قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى؛ قەشقەر شەھ-رىدىكى يەرلىك يۇقىرى قاتلام زاتلارنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى؛ ھەقدارلارنىڭ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنىڭ ئالدى-كى يىلدىكى قەشقەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي ھالىتى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرى؛ ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا قەشقەردە يۈز بەرگەن «ئىككى ما» (ما فۇشىڭ ۋە ما شاۋ-ۋۇ) ۋەقەسى ھەمدە قەشقەرنىڭ سودا، مائارىپ ساھەلىرى-گە دائىر بەزى ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلاردىن باشقا، بىز يەنە قەشقەرنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى، يەرجاي نامىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخى، يەرلىك

ئالاھىدىلىكى، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى تونۇشتۇرۇلغان ماقا-
لىلەردىن بىر قانچىسىنى كىرگۈزدۇق. بۇ ماقالىنىڭ قۇرۇلمى-
سى ۋە مەزمۇنى تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئىبارەت مۇئەييەن
ئۇسلۇبقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن بىز يە-
نىلا ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ باستۇق. بۇنىڭدىن مەقسەت كىتاب-
خانلارنى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئوقۇشتىن ئاۋۋال تەشقەرىشەھە-
رىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى چېگرا شەھىرىنىڭ ئۆتمۈشى توغ-
رىسىدا بىرەر ئۇقۇمغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. مۇنداق قىلىش
بىزنىڭچە كىتابخانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولسا كېرەك.
باشقا ماقالىلەرنىمۇ بىزنىڭچە تارىخىي ماتېرىياللار دائىرى-
سىگە كىرىدۇ. لېكىن، بۇ يەردە بىر شۇنىمۇ كىتابخانلارنىڭ
دىققىتىگە سۇنىمىزكى، بۇ ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەقدارلار
ئۆزى يېزىپ چىققان ئەمەس. بەزىلىرى بىرقىسىم شەخسلەرنىڭ
بىۋاستە كەچۈرمىشلىرى ئىبارەت، بەزىلىرى تەكشۈرۈش،
زىيارەت ئارقىلىق بىز تەرەپتىن رەتلەنگەن خاتىرىلەر. شۇڭا،
بەزى ئىللەت ۋە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ. بەزى-
لىرى تارىخ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەھ-
رىرلىك كۈچىمىز چەكلىك، ۋاقىت زىچ، سەۋىيىمىز تۆۋەن بولۇش-
تەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تارىخىي ماتېرىياللار دەپ ئاتال-
غان ماقالىلەردىمۇ ئاز بولمىغان مەسىلىلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇنى
كىتابخانلارغا ئالاھىدە ئىزھار قىلىپ قويۇش توغرا كەلدى. شۇڭا
بىز كىتابخانلارنىڭ ئەيىب قىلىشى ۋە تەنقىد بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ كىتاب — «بىرىنچى توپلام». بۇندىن كېيىن، يەنە 2-، 3-... توپلاملىرىنىمۇ چىقارماقچى. قىسقىسى، داۋاملاشتۇرماقچىمىز. بىز بۇ كىتابنى ئالاقىدار رەھبەرلەر، تارىخ تەتقىقات تارماقلىرى ۋە قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلدۇق. بۇ يەردە بىز كىتابخانلار، بولۇپمۇ پېشقەدەملەرنىڭ بىزگە زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى، بۇ ئىشنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە ھەمدەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

— تەھرىردىن

1986 - يىل 20 - نويابىر

# قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

## جاۋ شىنخەن

قەشقەر شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇب بۆرجىكى، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمال ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي كىرۆيكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°56′ تىن 76°4′ غىچە، شىمالىي پاراللېل 39°25′ تىن 39°35′ غىچە بولغان ئارىلىققا توغرى كېلىدۇ. شەرقىي، غەربىي قىسمى كونا شەھەر ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ، شىمالىي قىسمى قۇمالتاغقا تۇتىشىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبىي قىزىل دەريا ئايرىپ تۇرغان يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. ئازادلىق ئەرپىسىدە، قەشقەر شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 2.5 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. ھازىر، پۈتۈن شەھەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 96.3 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 10 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قەشقەر شەھىرىگە شەھەر رايونىدىكى 4 كوچا باشقارمىسى، شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى 3 يېزا ۋە 2 دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق مەيدانى قارايدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 190 مىڭدىن كۆپرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 73 پىرسەنتنى، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 26 پىرسەنتنى، ئۆزبېك، خۇيزۇ قاتارلىق باشقا 15 مىللەتنىڭ نوپۇسى بىر پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ.

قەشقەر-قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۈگۈن، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا رايوندىكى ئەڭ بۇرۇنقى يىپەك توپلىنىدىغان ۋە تارقىتىلىدىغان جاي ۋە يۆتكەش بېكىتى بولغان. قەشقەر-جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا غايەت زور رول ئوينىغان، ھازىرمۇ يەنىلا دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا ئۆتىدىغان دەرۋازا بولماقتا. قەشقەر شەھرى 1984-يىلى دۆلەت تەرىپىدىن ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىچۈۋېتىلگەن شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

تارىختىكى قەشقەر بۈگۈنكى قەشقەر شەھرى ۋە يېڭىشەھەر، كونا شەھەردىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىنىڭ دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مەلۇم تارىخىي دەۋردە يەنە پەيزاۋات، مارالبېشى، يېڭىسار، شۇنىڭدەك قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئاتۇش، ئاقتۇ قاتارلىق ناھىيىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەشقەر شەھرى بۈگۈنگە قەدەر ئىككى مىڭ بىر يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردە جاڭچيەن غەربىي دىياردىن ئۆتكەندە، بۇ جاي سۇلى دەپ ئاتالغانلىقى ھەمدە غەربىي دىياردىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان سۇلى دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. غەربىي خەن سۇلالىسى شىنجۇنىڭ 2-يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 70-يىلى) غەربىي دىياردا دەسلەپتە كۆسەن سەرتاپ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا، سۇلى غەربىي خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭنىڭ 16-يىلى (مىلادى 73-يىلى) دىن كېيىن، بەنچاۋ

سۇلىنى چوڭ بازا قىلىپ غەربىي دىيارنى 30 يىل تۇتۇپ تۇر-
غان، پەقەت سۇلى دۆلىتىلا 17 يىل تۇرغان. بەنچاۋ كۆسەن
دۆلىتىنىڭ تارخان شەھىرىگە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، شەر-
قىي خەن سۇلالىسى شۇڭگەنى غەربىي دىيار باش ئەمەلدارى
قىلىپ تەيىنلەپ، سۇلىدا تۇرغۇزغان. خەن ۋەيبى بەگلىكى
دەۋرىدە، سۇلى دۆلىتى پەركەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا،
ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى 12 دۆلەتنى يۇتۇۋالغان، دۆلەت كامال
تاپقان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەنىڭ 9-يىلى (مىلادى 635-يىلى)
تاڭ خاندانلىقى سۇلى خانىنىڭ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، بۇ
يەردە غەربىي دىياردىكى بىرىنچى ھەربىي بازا — سۇلى باش
ئەمىر مەھكىمىسىنى قۇرغان. شاڭيۈەنىڭ 2-يىلى (مىلادى 675-يىلى)
ئەنشى باش ئەمىر مەھكىمىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا
نام چىقارغان «ئەنشىدىكى تۆت شەھەر» نىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

مىلادى 9- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 12-ئەسىرنىڭ باشلى-
رىغىچە، قەشقەر تۈركلەر قۇرغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خان
ئوردىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭقى چىققان. بۇ دۆلەت-
نىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەشقەرنى بىرىنچى
مۇھىم بازا قىلىپ، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ئىس-
لام دىنىنى تارقاتقان. كېيىنكى بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتا،
قەشقەر دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي لياۋ (قارا كىدانلار)
ھاكىمىيىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تەۋە بولغان. يۈەن سۇلالى-
سى دەۋرىدە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي دىياردىكى چاغاتاي خان-
دانلىقىنىڭ ھەربىي ھاكىمىيەت بازىسى بولغان. مىڭ سۇلالى-
سىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بۇ يەر يەنىلا تەڭرىتاغنىڭ
جەنۇبىدىكى يەركەن خانلىقىنىڭ ھەربىي ئىشلار مۇھىم بازى-

سى بولغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى (مىلادى 1759-يىلى) «چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭى» بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قەشقەردە تۇنجى قېتىم مەسلىھەتچى ئەمەلدار تۇرغۇزۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 چوڭ شەھەرنىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرغان ھەمدە ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر يەنىلا ئىسلام دىنى ئىچىدىكى ئىشانلار ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ پىرى «خوجا»لار (يەنى ئۆزىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ ئاتىۋالغان) ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزىي بولغان. شۇ ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدا بۇ يەر يەنە شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. گۇاڭشۈنىڭ 10-يىلى (مىلادى 1884-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەردە كونىشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان ۋە بۇ ناھىيە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇلى ئوبلاستىغا تەۋە بولغان (گۇاڭشۈنىڭ 28-يىلى سۇلى مەھكىمىسى قىلىپ كۆتۈرۈلگەن). مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، كونىشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاستە قارىغان. 1927-يىلى شىنجاڭ-قەشقەر ھەربىي مەمۇرى مەھكىمىسىگە تەۋە بولۇپ، 3-ھەربىي-مەمۇرىي رايون مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. 1938-يىلدىن كېيىن، ئۈچىنچى (قەشقەر) تەپتىش مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. دېمەك، 1943-يىلى 7-ئايدىن تاكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىچە، ۋىلايەتلىك مەھكىمە، ۋالىي مەھكىمە تۇرىدىغان جاي بولۇپ كەلدى؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كونىشەھەر ناھىيىسى

شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە بولدى؛ 1952-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى مەركەزنىڭ رەسمىي تەستىقى ئارقىلىق، كونىشەھەر ناھىيىسىدىن (ناھىيە ۋە ناھىيە ئەتراپى) قەشقەر شەھىرى بۆلۈنۈپ چىققان؛ 1952-يىلى 10-ئايدا قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلغان ھەمدە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە. قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد مەدەنىيەت مەركىزى بولغان.

قەشقەر شەھىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇن نەچچە جايدا داڭلىق تارىخىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى بار. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلارنىڭ بىرى — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى (قەبرىسى) بولۇپ، ئۇ يەردە 11-ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ۋە ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتكەن. شەھەر مەركىزىدىكى ھېيتگاھ جامەسى ئىلمىزدىكى 500 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە ئەڭ زور ئىسلام مەسچىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھېيتگاھ جامەسى ۋە مىلادى 1640-يىلى ئەتراپىدا ياسالغان ئاپپاق خوجا مازىرىمۇ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئاسرىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇلى دۆلىتىنىڭ پەنتىز شەھىرى خارابىلىرى ۋە ئىسكەندەرۋاڭ مازىرى، سەييىت ئارسلانخان مازىرى، شۇنىڭدەك جۇلاق بېشى قاتارلىق قەدىمكى يادىكارلىقلار بار.

# سۇلې — قەشقەر يەرناملىرىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى

ۋاڭ شىياڭ

بۇگۇنكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ جايلار
غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى سۇڭ سۇلالىسىغىچە دۆ-
لىتىمىز تارىخىدا سۇلې دۆلىتى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.
سۇلې شەھىرى — بۇگۇنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى ئورنى
سۇلې دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان. ئىشەنچىلىك تارىخىي خا-
تىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە ئۇ ئىككى مىڭ بىر
يۈز يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. بۇ مەركىزىي شەھەرنىڭ نا-
مىنى رايون ياكى جۇمھۇرىيەت نامى بىلەن ئاتاش — قەدىمكى
زاماندا ئادەتتىكى قانۇنىيەت ئىدى. شۇڭا، ئالدى بىلەن سۇ-
لې شەھىرى دېگەن نام بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن مۇشۇن-
داق ئاتىلىشقا ئاساسەن شەھەر ۋە دۆلەت نامىنىڭ پەيدا بول-
غانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. سۇلې دېگەن بۇ نام دۆ-
لىتىمىزنىڭ خېلى كۆپ قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللىرىدا سۇلې
(«ۋېيشۇ»). شالې (دانىشمەن راھىپ تەرجىمىھالى) دەپ خاتىر-
لەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاھاڭ تەرجىمىسى. تاڭ سۇلالى-
سىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇ جەھەتتە بەزى ئۆزگىرىش-
لەر بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈەن جۇاڭ «بۈيۈك
تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي دىيار خاتىرىسى»دا مۇنداق دې-
گەن: «بۇرۇنقىلار بۇ يەرنى سۇلې دەپ ئاتىغان،

شەھەر دەپمۇ ئاتالغان. تەلەپپۇز ھەر خىل بولغاچقا، «شى-
لىكمالى دودى» دەپ ئېيتىلغان». دېمەك، بۇ يەردىكى «شىلى-
كمالى»— دەل «سۇلې» دېگەن سۆزنىڭ مەنىداش ئاھاڭى بو-
لۇپ، بۇ سانسكرىت تىلىغا مەنسۇپ بولۇپ. (قەدىمكى ھىن-
دىلارنىڭ بۇددىزم كىتابلىرىدا ئىشلىتىلگەن تىل)، ئۇ، «بۇلې»
دېگەننىڭ بىر خىل تەرجىمە شەكلى. شۇنداقلا بۇ ئەينى زا-
ماندا مۇشۇ جاينىڭ ھەقىقەتەن پايتەخت «شەھىرى» دەپ ئا-
تالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەمدى كې-
يىنكى ۋاقىتلاردا سۇلې دەپ ئاتالغان.
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بازار (سۇلې بازىرى —
سۇلې ئەمىر مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن ئىدى)غا كەلسەك.
ئەمىر مەھكىمىسى — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىۋاسىتە قاراش-
لىق ئوبلاست (1884 - يىلى قۇرۇلغان)، ھۆكۈمەت (1902 - يى-
لى قۇرۇلغان) ھەمدە مىڭگونىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ ھازىرغى-
چە بولغان ناھىيە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى غەربىي خەن سۇ-
لالىسىدىن كېيىنكى سۇلې بىلەن ھازىرقى قەشقەر ئىككى جاي-
دا ۋە ئىككى نامدا بولغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ
كېلىش مەنبەسى بىر.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەملىكىتىمىزنىڭ
باشقا جايلىرىدىمۇ سۇلې دەپ ئاتىلىدىغان يەرلەر بار. مە-
سىلەن، بۈگۈنكى شىمالىي شىنجاڭدىكى كۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ بەي-
جېيگو ئەتراپىدا سۇلې دېگەن بىر شەھەر بار. يەرلىك كىشى-
لەر بۇ يەرنى تاشقەلئە دەپ ئاتىشىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغان-
دا، شەرقىي خەن دەۋرىدە سىركاۋۇل كېڭ گۇڭ مىلادى 75 -
يىلى بۇ شەھەردە تۇرغان ھەمدە «تىۋىنىپ سۇلېدىكى چەشمە بۇ-

لاقلارغا، چىقىندۇردۇق ھەزىنىلارنى» دېگەن مىسرالارنى
قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇنىڭدەك، كېيىنكى زامانلاردا بەزىلەر
بۇنى ئۇزاققىچە تارقىتىپ، بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىگىچە ئېلىپ
كەلگەن. ھازىرغىچىلىك كېلىك كۆكىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەكس
ئەتتۈرىدىغان ئاسارە-ئەتىقىلەردىن بىرقانچە جايدا بار. ئۇ-
چىنچىسى سۇلې شەھىرى — كەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى
چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بۇيەر خۇالۇ
شەھىرى دەپ ئاتالغان. دېمەك، بۇ يەر خېشى كارىدورىنىڭ
غەربىدىكى سۇلې دەرياسى ياقىسىغا جايلاشقاچقا، شۇ نام بى-
لەن ئاتالغان. بۇ سۇلې دەرياسى ھېلىمۇ بار. لەنجۇ - شىن-
جاڭ تۆمۈر يولىنىڭ شۇ يەردىكى بىر بېكىتىمۇ شۇ نام بىلەن
ئاتالغان. يەنە بىرسى سۇلې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى،
چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي چېكىسىگە جايلاشقان تاغ تىز-
مىلىرىمۇ سۇلې- نەنشەن تاغلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، بۇ
يەر ناملىرىنىڭ شەرقتىن-غەربكە قاراپ سوزۇلغان ئىزلە-
رىدىن سۇلې دېگەن جاي ناملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بە-
لگىلەش تەس ئەمەس.

جاي ناملىرى ھامان مەلۇم تارىخىي دەۋردە بەلگىلىك
دائىرىدە ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تىلى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئوخشاش
بولمىغان جايلارنىڭ تاغ، سۇ، شەھەر ۋە پايتەختلىرى «سۇ-
لې» نامى بىلەن ئاتالغىنىدىن بۇنى قەدىمكى زاماندىكى مە-
لۇم بىر قەبىلىنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن لىنىيە بويىچە شەرق-
تىن-غەربكە قاراپ سەپەر قىلىش جەريانىدا قالدۇرۇپ كەت-
كەن ئىزلىرى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. يېرىم ئەسىرگە يې-

ئىمن ۋاقىتتىن بۇيان. شىمالىي شىنجاڭدىن قەشقەر شەھىرىگىچە يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى (هازىرغىچە تەخمىنەن 7-6 مىڭ يىل بولدى) بىر قانچە مەدەنىي يادىكارلىقلار خارابىسى قېزىپ چىقىرىلدى. ھەممىدە بۇ يادىكارلىقلار سەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق بىرقانچە ئۆلكىلەر، شۇنىڭدەك ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلاردىكى ئوخشاش خاراكتېردىكى قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن رايون جەھەتتىن ئۆز ئارا تۇتىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىرغىچە شىنجاڭ دائىرىسىدە يېڭى تاش قورال دەۋر مەدەنىيىتىدىن بۇرۇنقى كونا تاش قورال دەۋرىدىكى مەدەنىيەتكە مەنسۇپ يادىكارلىقلار تېخىچە تېپىلغىنى يوق. دېمەك بۇلار يىراق قەدىمكى زاماندىكى سۇلىلىقلارنىڭ شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى كۈچلۈك هالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سۇلې دېگەن يەر نامىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ياپونىيىلىك ئالىم بەيمياۋكۈجى مۇنداق دەپ ئىسپاتلىغان: «بۈگۈنكى قەشقەر — خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا سۇلې دەپ ئاتىلاتتى، تۈرك تىلىدا «سۇ» دېگەنلىك (خەنزۇ تىلىدا «水» دېگەن مەنانى بېرىدۇ، شۇڭا بۇ يەر «有水» (سۇلۇق) دەپ ئاتالغان. (ئوتتۇلۇشتا «疏伯克» دېيىلىدۇ). قەشقەر دېگەن جاي — سۈيى مول، ئوت - چۆپلۈك، مەنزىرىسى گۈزەل بولغاچقا مۇشۇنداق دەپ ئاتالغان («ياقا يۇرتلارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى توغرىسىدا بايان»). دېمەك، «سۇلې» دېگەن سۆز تۈركچە «سۇلۇق» دېگەن مەنانى بېرىدۇ دەپ قارايدىغان بۇنداق كۆز قاراش 40-يىللاردا ئىلىم مەرىپەت ساھەسىدە خېلى ئەۋج ئالغان، تەكشۈرۈشكە قارىغاندا. تۈرك تىلىدىن كەلگەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «سۇ» خەنزۇ تىلىدا يەنىلا «水» دەپ

قۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىتى كۆز قاراشنىڭ داۋلىسى
ردەك قىلىدۇ. ئەمما تۈرك مىللىتى ۋە ئۇنىڭ بىرلىككە كەل-
ن تىلىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تۈرك مىللىتىنىڭ موگەغۇل
يالىقىدىن غەربىي دىيارغا يۆتكىلىشى بولسا. مىلادى 6- ئە-
مردىن كېيىنكى ئىشلار ئىدى. ۋاھالەنكى، سۈلى دېگەن بۇ
م مىلادىدىن ئىلگىكى ئەسىر بۇرۇنلا تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئو-
ۇن ئالغان. ئۇنداقتا، تۈرك مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ
ەنبەسى ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھونلارھەرىكىتى-
ىن تارتىپ باشلانغان دەپ ئەسلەنسە، بۇنداق ھۆكۈم كىشى-
ەردە بىرمۇنچە گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن، شۇنداق
ىكەن، ئۇنى يەنە ئەزۋەيلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

سۈلى دېگەن جاي نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرى-
سىدا يىپقىنقى يىللاردىن بۇيان. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخشۇناس-
لىرىنىڭ كۆپىنچىسى سوغدىلىقلاردىن كەلگەن دەپ قاراپ
كەلدى.

سوغدىلىقلار—مىلادىدىن5-6 ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن تا-
كى مىلادى 10 - ئەسىرگىچە بولغان بىر مىڭ بەش يۈز يىللىغا
يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خېشى كارىدورىدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ئىككى دەريا ۋادىلىرى (سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ شەرقىدىكى ئامۇدەرياسى بىلەن سىردەرياسى ئارىلىقى)-
دا جايلاشقان قەدىمكى قەبىلە. ئۇلار سودىگەرچىلىك
بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، مىلادىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن-
كى بىر قانچە يۈز يىل ئىچىدە، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانى
كېسىپ ئۆتىدىغان يىپەك يولىدا ئۇزاق مۇددەت قويۇق پائا-

يەت ئېلىپ بارغان. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ («تۈركىي تىللار دىۋانى») دا قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدا خېلى كۆپ سوغدىلىقلار مەھەللىسى بارلىقىنى يازغان. سوغدىلىقلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان تىل- يېزىقى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەر، بولۇپمۇ كېيىنكى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. خۇددى مىلادىيەدىن 2 - 3 ئەسىر بۇرۇن خېشى كارىدورىدا ئولتۇراقلىشىپ «يۈنروگلۇقلار» دەپ ئاتالغان سوغدىلىقلار ۋە بۈيۈك ياۋچىلارنىڭ غەربىي جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن بىر قىسىم سوغدىلىقلار قەدىمىي خېشى كارىدورى ئەتراپىدىن بەلكى غەربكە، كېيىن يەنە جەنۇبقا قاراپ يۆتكىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۈگۈنكى قەشقەر- قەدىمكى سۇلېغا كېلىپ قالغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ياكى بولمىسا سوغدا تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى قەدىمكى قەبىلىلەر خېشى كارىدورىدىن شەرقتىن غەربكە قاراپ يۆتكەلگەندىن كېيىن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شېلىقى جايلاردا قەدىمكى سوغدىلىقلار تىلى «سۇلې» دېگەن نام قەپقالغان بولۇشى مۇمكىن.

سوغدى تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى قەدىمكى ئىران تىلىغا مەنسۇپ. تەكشۈرۈپ ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى سوغدىلىقلار تىلىدا ئىككى خىل يەرلىك تىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «L» يەرلىك تىل، ئاساسلىقى شىنجاڭغا، بولۇپمۇ قەدىمكى سۇلې دۆلىتىگە تارقالغان. «L» يەرلىك تىل سوغ-

دى (Soghd) قەبىلىسى نامىنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى d نى L قىلى-
ۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن Soghd (سوگېدى) سۆزى
SoghL (سوگېلى) شەكلىگە كەلگەن. جاڭ چيەن غەربىي دى-
يارغا كەلگەندە، شۇ يەرنىڭ نامىغا ئاساسەن بۇ سۆزنى تەق-
لىت قىلىپ ئوقۇپ، خەنزۇ يېزىقىدا 窣利 (سۇلى) قىلىپ ياز-
غان. چۈنكى، سۇلى دېگەن سۆز سوغدى قەبىلىسىنىڭ نامى SoghL
دىن ئىبارەت. يىراق قەدىمكى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز قە-
بىلىسىنىڭ نامى ئارقىلىق ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان يەرگە نام
بېرىشى تارىختا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمدى سوغدى(سۇلى)
قەبىلىسى نامىنىڭ مەناسىنى بەزى كىشىلەر «سائادەت» دەپ تە-
رىپلىشىدۇ. بەزى كىشىلەر (گۆھەر ياكى قاشتېشى) دېگەن بو-
لىدۇ دەپ قارىشىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر ھېلىمۇ «سۇلۇق» دې-
گەن سۆزدە چىڭ تۇرىدۇ. ھازىرغىچە بۇلار تېخى بېكىتىلگىنى
يوق، بۇندىن كېيىن داۋاملىق دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

قەشقەر دېگەن ئىسىمنى سۇلى دېگەن ئىسىمنىڭ ئورنىغا
ئىشلىتىش ئومۇمەن سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىدىن كېيىن بولغان
دەپ قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما، خەنزۇچە تارىخىي
ماتېرىياللاردا قوللىنىلغان ۋاقىت ئۆلچەم قىلىنغان. ئەمەلى-
يەتتە، بۇ نام 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى تۈركلەر غەربىي دىيار-
غا كىرگەن چاغدىلا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. تاڭ، سۇڭ سۇلالى-
لىرىنىڭ تارىخنامىلىرىدىمۇ يەنىلا سۇلى دەپ ئاتالغان. بۇ-
ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەن دەۋرىدىكى يەر نامىلىرىنى ئەنئەنىۋى
ئادەت بويىچە قوللانغانلىقىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

«喀什噶尔» دېگەن ئىسىمنىڭ «喀什» دەپ ئاتىلىشىدىن
قارىماقتا، بۇ ئىسىملار ئاتالمىسى بولسا كېرەك. بۇ يەردە مۇ-

شۇنداق ئاتاق پەيدا بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇ پەقەت تىل
فونېتىكىسى جەھەتتىكى كىچىككىنە پەرقتىنلا ئىبارەت. مىلادى
644 - يىلى بۇ يەرگە كەلگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى شۈەن
جۇاڭ بۇ يەرنى «佉沙» (ḱaxa) دەپ خاتىرىلىگەن. بۇنىڭ
بۇنداق خاتىرىلىنىشى غەربىي دىياردىكى يەر ناملىرىنىڭ شۈەن
جۇاڭنىڭ كۆپ ھاللاردا ھىندىلارنىڭ سانسكرىت تىل ئاۋۇ-
شىغا يېقىنراق ئاھاڭ بىلەن ئاتىغانلىقىدىن بولغان. بۇلار شۇ
جايدىكى يەرلىك شۇنىڭ توغرا تەرجىمىسى بويىچە يېزىلمىغان،
بەلكى بۇددىزم كالامامىسى «تۇز پادىشاھىسى ئەپيۇنى» دا
«khasa» دېگەن بىر نام خاتىرىلەنگەن. راھىب كاپوروننىڭ
تەرجىمە قىلغان كىتابىدا «جياشى» دەپ يېزىلغان. يېقىنقى ۋە
كونا تارىخنامىلاردىمۇ جياشى (伽师) دەپ خاتىرىلەنگەن. قەش-
قەر شەھىرىدە ھېلىمۇ بۇ خىل تەلەپپۇزنىڭ ئىزناسىنى تاپ-
قىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قە-
دىمكى ئاھالىلەر رايونىنىڭ (ھازىرقى 4 كوچا باشقارمىلىرىنىڭ
بىرسى) خېلى بۇرۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە «چاسا» دەپ ئا-
تالغانلىقى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. قېنى، قاراپ باقايلى،
جياشى — چاسا — قەشقەر دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىش-
لىرىدىنمۇ بۇنى بىر قاراپلا ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولمامدۇ؟
«喀什» (خاشى) دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە «噶尔» (قەر) دېگەن
سۆزنىڭ قوشۇلۇشى كېيىنكى ئىش. مىلادى 8 - ئەسىردىن كې-
يىن، چاۋشيەن مىللىتىدىن بولغان راھىب خۈيچاۋ دەسلىپىدە بۇ
يەرنى «jiashi zhili» دەپ ئاتىغان («خۈيچاۋنىڭ ھىندىس-
تانغا سەپەر قىلىش ئەھۋالى» غا قارالسۇن). ۋاھالەنكى،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى پېيى خۈيلىنمۇ ئۇ-

زىنىڭ يۇرتىنى «jiasihjili» دەپ خاتىرىلىگەن («تارىخي
جايلار تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» گە قارالسۇن). ئەلۋەتتە، بۇ
خاتا بولمىسا كېرەك. بۇ ئىككى يېزىقنىڭ تاۋۇشى ئوخشاش
بولمىسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇلار ئوخشاشلا «قەشقەر» دې-
گەن سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىلىشى. چۈنكى، نۇرغۇنلىغان
مىللەتلەر بۇ يەرگە كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىپ ئارىلىشىپ تۇرغاچ-
قا، ئوخشاش بولمىغان دەۋردە ئوخشاش يەر ناملىرىنىڭ ئو-
قۇلۇشىدا بەزى پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئوقۇلۇشى بۈ-
گۈنكى كۈندىكىسىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغىنى سۇڭ سۇ-
لالىسى دەۋرىدىكى غەربىي دىيار — قاراخانىلار خاندانلىقى پاي-
تەختىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە بولغان ھېلىقى دەۋرى بولۇپ ھېساب-
لىنىدۇ. ئەمدى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خاتىرىلەنگەن «چى-
قار»، «كاشكار». مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاتالغان «قاشقار»،
«قاشقا» لارنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە رەسمىي بې-
كىتىپ يېزىلغان «قەشقەر» دېگەن بىر تاۋۇشنىڭ نەچچە خىل
تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«喀什» (كاشى) دېگەن سۆز تۈركچە «قاشتېشى» دېگەن
مەنىدە. بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتىدىكى «قاراقاش» دەر-
ياسىنىڭ «قاراقاش تېشى» دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى بۇنىڭ
ئىسپاتىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلى دېگەن سۆزنىڭ
«قاش» دېگەن بوغۇمى يەنىلا «قاشتېشى» دېگەن مەنانى ئى-
پادىلەپ بېرىدۇ. «قەر» دېگەن سۆز قەدىمكى سوغدى تىلىدا
«رايون»، «دۆلەت» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۈچ
مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن ئىلگىرى، ئەسلىدىن دۆلىتىمىز-
نىڭ غەربىي شىمالىدىن تاكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىغى-

چە بولغان جايلاردا تۇرمۇش كۆچۈرگەن سوغدى قەبىلىسى تېب-
رەك تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ تۈركۈم - تۈركۈملەپ قەدىمكى سۇ-
لې بوستانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ، سۇلې تۇپراقىدىكى يەرلىك ئا-
ھالىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ قالغان. بۇلار «خەننامە»دا:
«سۇلېنىڭ غەربىي شىمالىدىن ...... غىچە سوغدىلىقلار بارئى-
دى» دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇ-
يان، بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتىدىن كۆپلىگەن سوغدى تىلىغا
مەنسۇپ يازمىلار قېزىپ چىقىلدى. تۈركلەر مىلادى 6 - ئە-
سىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ھەر-
بىي كۈچى، سىياسىي كۈچىنى قالقان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىل،
مەدەنىيىتىنىمۇ بۇ جايلارغا تامامەن سىڭدۈرۈۋەتكەن. شۇڭا ئۇ-
لارنىڭ تۈركچە «قاش» دېگەن سۆزنى سۇلې دېگەن سۆزنىڭ
ئورنىغا ئىشلىتىشىمۇ مۇقەررەر ئىدى. ئەمما بۇنىڭ قەدىمدىن
تارتىپ بۇ يەردە ياشىغان ۋە سوغدى تىلىنى ئىشلىتىدىغان يەر-
لىك ئاھالىلەرنىڭ رايىغا تازا ياقمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇ سۆزنىڭ ئايىقىغا ئۆزىدىكى ئەسلى بار بولغان مەدەنىيەت
ئەنئەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان تۈرلۈكچە قوشۇمچىلارنى قوشۇپ
قويۇشىمۇ تۇرغانلا گەپ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى خىل تىلنىڭ
بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان يەر نامى — قەشقەر دېگەن سۆز
كېلىپ چىققان. بۇلار دەل شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ تۈرك مىل-
لىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا پەيدىنپەي تۈركلىشىشكە باش-
لىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ بىر پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بىراق، بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى ۋە قەشقەرگە يېقىن
بولغان جايلاردا ئەزەلدىن قاش تېشى چىقمىغانلىقى خاتىرە-

لەنگەن تۇرۇقلۇق، قەشقەر دېگەن سۆزنى «قاشتېشى دۆلىتى» ياكى «قاشتېشى توپلاشقان جاي» ۋاھاكازا دەپ چۈشەندۈرۈش ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ سۆزنى شۇ جاينىڭ ئىسمىنى گۈزەللەشتۈرگەنلىك نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق چۈشىنىش لازىم. قەدىمكى زاماندا ھەممە مىللەتلەر دېگۈدەك قاشتېشىنى گۈزەللىك ۋە بەخت-سائادەتنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ، ئۇنى ئىلاھقا چوقۇنۇشنىڭ قورالى قىلىۋالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر بۇرۇندىن تارتىپ گۈزەل-باياشات بولۇپ، تارىختا بىر قانچە قېتىم پايتەخت قىلىنغان. شۇڭا بۇ جاينى «قاشتېشىدەك جاي» ياكى «مۇقەددەس جاي» دەپ شەرھىيلەش تېخىمۇ مۇۋاپىق.

چەت ئەللەرنىڭ غەربىي دىيار توغرىسىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە قەشقەر دېگەن بۇ سۆز ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ تارىخ، جۇغراپىيىلىك ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قەشقەرنىڭ دائىرىسى كۆپىنچىسى بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار قوشۇۋېتىلگەن. بەزىدە ھەتتا، بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى دەريا ۋادىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتكەن. يەر-جاي ناملىرى ئوقۇمىنىڭ بۇنداق قالايمىقانلىشىپ كېتىشى 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا. قەشقەر شەھىرىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان قەشقەر خانلىقىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى چېگرىسى يۇقىرىدا

ئېيتىلىشىدەك كەڭ بولغان. رايونلارغا ئايرىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، 19 - ئەسىردىن كېيىن، چەت ئەللىك تارىخ - جۇغراپىيە ئالىملىرى قەشقەر شەھىرى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى جايلارنى قەشقەر دەپ ئېنىق ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە قەدىمكى قەشقەر خانلىقىنىڭ زېمىنىنى كۆرسەتكەن چاغدا، قەشقەر دېگەن سۆزنى قەشقەرىيە دەپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەتتى.

ئەڭ ئاخىردا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سۇلې دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا قەشقەر دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، «سۇلې» دېگەن بۇ نام تامامەن يوقىلىپ كەتمىگەن. داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلى (1828 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، كونىشەھەر (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى) كە 20 چاقىرىم كېلىدىغان شەرقىي جەنۇبىي تەرەپكە يېڭى بىر شەھەر قۇرۇپ، ئۇنى ئەمەلدارلار مەھكىمىسى ۋە مانجۇ-خەنزۇ ئەمەلدارلىرى ھەم پۇقرالىرى ئۈچۈن تۇرالغۇ جاي قىلغان. ئايرىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، قەشقەر كونىشەھەر (ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا، ئۇيغۇر شەھىرى دەپ ئاتالغان)، قەشقەر يېڭىشەھەر دەپ ئاتالغان (بۇ، خەنزۇ شەھىرى دەپ ئاتالغان) 1884 - يىلى شىنجاڭ رەسمىي ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەت

دەپ ئاتالغان (ئەينى ۋاقىتتا مەھكىمە دەپ ئاتالغان)، يېڭىشەھەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «سۇلې» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ھەمدە سۇلې مەھكىمىسىگە بېۋاستە قارايدىغانلىقى بېكىتىلگەن: مەمۇرىي رايون ئورنى جەھەتتىن ئۇنىڭغا قارايدىغان «قەشقەر كونىشەھەر» بولسا، كونىشەھەر ناھىيىسى دەپ ئاتالغان ھەم بۇ يەر قەشقەر ۋىلايىتى سۇلې مەھكىمىسى تەۋەلىكىدە بولغان. مىنگودىن كېيىن، سۇلې ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، كونىشەھەر ناھىيىسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇلغان. 1952 - يىلى كونىشەھەر ناھىيە بازىرى ۋە شەھەر ئەتراپى ئاساس قىلىنىپ، قەشقەر شەھىرى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىشەھەر بىلەن قەشقەر رەسمىي ئىككى جاي ۋە ئىككى نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى.

# يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت — قەشقەر

## لى كەي

قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ شىمال تەرىپىنى بويلاپ غەربكە ماڭغاندا، مۇزەت ئاقسۇ بوستانلىقى ۋە بىپايان قۇملۇق باياۋانلاردىن ئۆتۈپ، پامىر ئېگىزلىكى ئېتىكىگە يېقىنلاشقاندا، كىشىلەر قارىلىق تاغ ۋە دەشت - باياۋان ئوتتۇرىسىدا قەشقەرنىڭ گويا يېشىل مەرۋايىتتەك يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى چېلىقتۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى يېقىملىق، ئۆرۈپ - ئادەتلىرى باشقىچە، بازارلىرى ئاۋات، تۈزلەڭلىكلىرى پكەچرى كەتكەن بولۇپ، چەكسىز باياۋاننىڭ بىر چېتىدە مۇشۇنداق بىر گۈزەل جاينىڭ بارلىقىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

## I

قەشقەر — ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمكى شەھەر. «خەن سۇلالىسى تارىخى غەربىي دىيار تەزكىرىسى» دە: ئۇ، «سۇلې» (疏勒) دەپ ئاتالغان. مىلادىيەدىن 2100 يىل بۇرۇن جاڭچيەن غەربىي دىيارغا ئەلچى بولۇپ بۇ يەردىن ئۆتكەندە، غەربىي خەن ھۆكۈمىتىگە بۇ يەردىكى ئەھۋالنى تۇنجى قېتىم دوكلات قىلغان، پارس يېزىقىدا يېزىلغان بەزى ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر غەربىي خەن دەۋرىدىن بۇرۇنلا شەكىللەنگەن بولۇپ، «تۇران» دېگەن قەبىلىنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىدىن بىرى ئىكەن. مىلادىيەدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى تۆپچۆرد-

-ىدە، ئۇ تەرەققىي قىلىپ غەربىي دىياردىكى 36 خانلىق ئې-
چىدە چوڭ خانلىقنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان. «سۇلىپ شەھىرى-
نى ۋاڭ ئىدارە قىلىدۇ»، «بىر مىڭ 510 ئائىلە، 18647 نوپۇ-
سى بار» ① «سۇلىپ» نىڭ مەنىسى نېمە ئىكەنلىكى تېخى نامە-
لۇم، ھەتتا «سۇلىپ» قايسى مىللەتنىڭ تىلى ئىكەنلىكىمۇ ئې-
نىق ئەمەس. بەزى ئالىم ئەھلىلىرى بۇ ئىسىمنى ئېھتىمال
«ئۇلۇق ياۋچى» لارنىڭ تىلى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قى-
لىشقان. بۇنىڭدىكى ئاساس «ئۇلۇق ياۋچى» لار ئولتۇراقلاش-
قانلىكى جايلار ھەممىشە «سۇلىپ» دەپ ئاتىلىدىكەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «سۇلىپ» نىڭ ئورنىنى ئا-
ستا - ئاستا تۈرك تىلىدىكى «قەشقەر» ئىگىلىگەن. ئىچكىرىدە
ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاڭ دەۋرىدىكى «سۇلىپ» لىق راھىپ
خۇيلىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ ئىسمىنى «جياسىجىلى» دەپ تەرجىمە
قىلغان. شۈەنجۇاڭ: بۇ جاينى «شىچىلىدۇدې» دەپ ئاتىغان. كې-
يىنكى تەرجىمانلارنىڭ يېزىلىشى بارغانسىرى ھازىرقى تاۋۇشقا
يېقىنلاشقان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىلەر «خېشخار» دەپ تەرجىمە
قىلغان. مىن سۇلالىسىغا كەلگەندە، «خاشخائېر» دەپ تەرجىمە
قىلغان. چىڭ سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كې-
يىن، ئاخىرى ھازىرقى مۇشۇ بىر قانچە خەت بويىچە تەرجى-
مە قىلىنغان.

بەزىلەر: «قەشقەر» نىڭ مەنىسى «كاھىشلىق ماكان» دې-
گەن بولىدۇ، دەيدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ نۇرغۇن ھۆججەتلىرى-
دە «تونجى كەشمىيات» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قەيت قىلىنغان. ئۇي-
غۇر تىلىدا «قاش» — قاشتېشى دېگەن مەنىدە، «قەر» توپلانغان دې-

گەن مەنىگە ئىگە. دېمەك بۇ ئىسىم «قاشتېشى شەھىرى» دې-
گەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (喀什) — 喀什噶尔 قەشقەر-
نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى.

## II

كىشىلەر ھەمىشە «شىنجاڭنى ساياھەت قىلغاندا، جەنۇب-
نى ساياھەت قىلماي بولمايدۇ. جەنۇبقا بارغاندىن كېيىن چو-
قۇم قەشقەرگە بېرىش كېرەك، قەشقەرگە بارمىغىچە شىنجاڭغا
بارغان ھېساب ئەمەس» دەيدۇ. بۇ گەپ جايىدا ئېيتىلغان.

قەشقەر — شىنجاڭنىڭ ئىخچام ئوبرازى. باشقا جايلار ئۇ-
نىڭدەك كەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس.

قەشقەر — تىپىك بوستانلىق شەھەر، جەنۇبتا قىزىل دەر-
ياسى بىلەن ئايرىلىدۇ. غەرب تەرىپى پامىر ئېگىزلىكى بىلەن
تۇتىشىدۇ. ئەزەلدىن «يىپەك يولى ئۈستىدىكى جۇلالىق مەر-
ۋايىت»② دەپ نامى بار. شال، بۇغداي، پاختا، مېۋە-
قوغۇننىڭ كانى. «يىپەك يولى» مۇشۇ يەر
ئارقىلىق پامىردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پەرغانە (大宛) كانجۇت
(康居)، ئارلانچىن (奄蔡) لەرگە تۇتىشىدۇ③ بۇ شىنجاڭدا
ئۇيغۇرلار ئىنتايىن مەركەزلەشكەن جاي.

قەشقەر شەھىرىنىڭ ئورنى شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش تۈگۈ-
نىگە جايلاشقان بولغاچقا، تارىختا نۇرغۇن مىللەتلەر قەشقەردە تۇر-
مۇش كەچۈرگەن ۋە ئولتۇراقلاشقان. تارىخچىلارنىڭ تەتقىقا-
تىغا ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى قەشقەرلىكلەر، مۇھىمى ئارىيانلىقلار
(雅里安) ھەمدە ئىتمىدىكى شەرقىي ئىران (东依兰人) لار بول-
غان. كېيىنچە (大月氏人) ئۇلۇغ ياۋچى، خەنزۇلار، كىدان-
لار (契丹人)، سېكوتانلار (塞人)، تۈركلەر، قەدىمكى ئۇيغۇرلار

( [illegible] )، موغۇللارمۇ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ھازىر، قەش-
قەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئومۇمى نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى
تەشكىل قىلىدۇ، قەشقەر شەھىرىدە ھەر 100 ئادەمنىڭ
80 نەچچىسى ئۇيغۇرلاردۇر. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-
ئادەتلىرى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ-
كىگە ئوخشىمايلا قالماستىن، بەلكى باشقا رايونلاردىكى ئۇي-
غۇرلارغا سېلىشتۇرغاندىمۇ خېلىلا پەرقلىق. شۇڭا ئۇيغۇرلارنى
بىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە بېرىش لازىم. مۇشۇ يەرلا ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكىدۇر.

## III

قەشقەر — «يىپەك يولى» ئۈستىدىكى مۇھىم ئورۇندا تۇر-
غاچقا، ئۇ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ جەم بولىدىغان
جايى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي دەر-
ۋازىسى ۋە ئەجدادلىرىمىز يەرلىك ھاكىمىيەت پايتەخت قىلىپ تۇرغان
جاي. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپ-
تە، بۇ جاي ھونلارنىڭ «تۇڭ پۇدۇۋېي (僮仆都尉)» ياساق-
چىلىرىغا قاراشلىق ئىدى. پادىشاھ خەن ۋۇدى جاڭچيەننى
غەربىي دىيارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندىن كېيىن، بارا - بارا
غەربىي خەن ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولغان. شەرقىي خەن دەۋ-
رىنىڭ باشلىرىدا بەنچاۋ قايتىدىن غەربىي دىيارغا ئەلچى
بولغاندا، ئۇنىڭ بارگاھى بولغان. گەن يىڭ (甘英) شەرقىي
رىمغا ئەلچى بولۇپ ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىغا بارغاندا، مۇشۇ
جايدىن يولغا چىققان بولۇشى مۇمكىن. بەنچاۋنىڭ ئاز سان-
لىق مىللەتتىن بولغان خانىشى «بىۋلى» (ھازىرقى قەشقەر)لىق
ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. ئۇنىڭ 3 - ئوغلى بەنيۇن مۇشۇ يەردە

بوغۇلىستان، «[illegible]»، «[illegible]»، «[illegible]»(بەنچاۋ، كەنيىڭخۇا قاتارلىقلار) نى تۇتقان. بۇ جايلار پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي دىيارغا يول ئاچىدىغان ئۇتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي دىيارغا يول ئاچقانلار بۇ يەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

شەرقىي خەن دەۋرىدىن كېيىن، قەشقەر يەنىلا دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي دىياردىكى مۇھىم بازار ئىدى. تاڭ دەۋرىدىكى «ئەنشى تۆت بازىرى» (安西四镇) نىڭ بىرسى سۇلې (قەشقەر) ئىدى. «سۇلې تۇتۇق مەھكىمىسى» (疏勒都督府) مۇشۇ يەردە بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار موڭغۇل يايلاقلىرىدىن غەربكە قاراپ، تيانشان ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان. ياغما (样磨) لىقلار بىلەن يېقىندىن بارغان قەبىلىلەر «قاراخانىلار» پادىشاھلىقىنى بەرپا قىلغان. ئۇنىڭ ئىككىنچى پايتەختى (ياكى قوشامچە ئوردىسى) مۇشۇ يەرگە قۇرۇلغانىدى. تۈركىي تىللار لۇغىتى («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك») نى يازغۇچى ئىلىمشۇناس مەھمۇد قەشقەرى شۇ دەۋردە قەشقەرنىڭ ئوپال دېگەن يېزىسىدا تۇغۇلۇپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» مۇشۇ يەردە يېزىلغان.

كېدانلار (契丹人) نى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، غەربىي لياۋ دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر يەنىلا غەربىي لياۋنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىيەت مەركىزى ۋە پايتەختى بولغان (پايتەخت خۇسكە ئەتىر بىلەن تەڭ) ئىدى، چىڭگىزخان غەربنى ئىستىلاھ قىلىشتا، ئەسكەر بېشى جېبە بې (哲别) بۇ يەرگە ئايلىنىپ كېلىپ، غەربىي لياۋلارنىڭ قالدۇق كۈچىنى تارمار قىلغان. ئۇنىڭ ئاخىرقى كېنەزىنى تاشقورغانغىچە قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرگەن.

شۇندىن باشلاپ بۇ يەرلەرگە موڭغۇللار ھۆكۈمران بولغان. تاكى مىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكىچە بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى موڭغۇللارنىڭ قولىدا ئىدى. چىن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ - كىچىك خوجىلار ھاكىمىيىتىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن بۇ يەردە «مەسلىھەتچى ۋەزىر» (参赞大臣) مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، «جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغان»④ موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان.

## IV

قەشقەر «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى، قەدىم زاماندىكى دۆلەتلەر، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى مۇشۇ يەرگە جەم بولۇپ، ئالماشتۇرۇلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەر ئەزەلدىن ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتكە ئىگە جاي بولۇپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل، نەققاشچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتلەردە داڭ چىقارغان.

قەدىمكى قەشقەردە كۆپخىل دىنلار كەڭ تارقالغان. بۇددا دىنى شەرققە تارقىغاندا، كەلگۈلۈك ھەممىدىن ئەۋۋەل بۇ يەرگە كەلگەن. دۆلىتىمىز بويىچە بۇددا دىنىغا ئەڭ بۇرۇن ئېتىقاد قىلىدىغان جايلارنىڭ بىرى. شۈەنجۇاڭ (玄奘) نىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردىكى پۇقرالار «بۇددىزىمدىكى ئەمىرەرۇپچىلار ئېقىمى-كىچىك ھارۋىلىقلار مەزھىپى» گە ئېتىقاد قىلىدىكەن.

ئىسلام دىنى تەرەققىي قىلغاندا، قەشقەر يەنە بۇ دىننىڭ پامىرنىڭ شەرقىدىكى بازىسىغا ئايلانغان. ئېيتىلىشىچە، «قاراخانىلار» نىڭ سۇلتانى — سۇتۇق بۇغرا خان تۇنجى بولۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ھازىرقى شەھەر ئىچىدىكى ھېيتگاھ مەسچىتى، شەھەر ئەتراپى-

دىكى «ئاپپاق خوجا مازىرى» مەشھۇر ئىبادەت مەركەزلىرى ئىدى. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش نۇسخىسى كۆركەم، ھەي-ۋەتلىك، ئالاھىيىتى يۇقىرى، سەنئەت قىممىتىگە ئىگە.

قەشقەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى دېگەن نامى بار. 1000 يىلدىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى ئوتتۇرا تۈز-لەڭلىككە تارقالغان. سۇي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدە سۇلې (قەش-قەر) نىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللىرى چاڭئەندە داڭ چىقارغان. ھازىرمۇ كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن «12 مۇقام» قاتارلىق مۇزىكا. «سەنەم» ئۇسسۇلى قاتارلىقلار ۋەتىنىمىزنىڭ سەنئەت بېغىدىكى ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەردۇر.

چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئىلىم ئەھلى شاۋ-شۇنىڭ شېئىرىدا:

«چەت چېگرىدا تۇرار سۇلې ھەيۋەت بىلەن،
يەر سۇلىرى ئەلۋەك، ئۇنىڭ تاغلىرى بايلىق كانى.
ئەۋلىيالار قەبرىگاھى مىڭ يىللاپ تۇرغان،
راۋان قاتنار ھەر تەرەپكە سودا كارۋانى»

دەپ يازغان.

قەشقەرگە كەلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ پەيزىلىكىنى ھېس قىل-غىلى بولمايدۇ. چېگرىدىكى بۇ قەدىمكى شەھەرگە كەلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ تەسۋىرىنىڭ چوڭقۇر ۋە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. قەشقەر ھەقىقەتەن ساياھەت قىلىشقا ئەر-زىيدىغان بىر جاي.

---

① «خەن كىتابلىرى. غەربىي دىيار تەزكىرىسى»گە قارالسۇن
② «غەربىي دىيار سەز يوللىرى خاتىرىسى»گە قارالا.
③ «خەن كىتابلىرى - غەربىي دىيار تەزكىرىسى»نىڭ مۇقەددىمىسىگە قارالا.
④ «چىن سۇلالىسى يا ما ماقالىسى»دىن ئېلىندى (輿地十七) دىن.

# ۋونەيىمىن قەشقەردە

تەھرىردىن: يولداش ۋونەيىمىن— 1938 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن كوممۇنىست. ئۇ، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئىشلەشكە تەقسىملىنىپ، ئۇيەردە ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ ئۈچ يىل خىزمەت ئىشلىگەن. كېيىن يەنە مارالبېشىغا يۆتكىلىپ ئاياللار بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن. شىڭ شىسەي ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئايرىلىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىش سەپىرىدە قولغا ئېلىنغان. يولداش ۋونەيىمىن يېڭىشەھەردە خىزمەت ئىشلىگەن چاغلىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ فاكچىسى، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي، ئاكتىپ خىزمەت قىلىپ، چېگرا رايوندىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلغان. چېگرا رايون خەلقى ئۇنى تاھازىرغىچە ئۇنتۇمىدى. تۆۋەندە بىز يولداش ۋونەيىمىننىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئوقۇغۇچىسى ۋە ئاسىراندى قىزى، خىزمەتداشلىرىدىن تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن بىر قىسىم ماتېرىياللارنى كېيىنكىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئېلان قىلدۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن بولمىغان جايلىرى بولسا، يولداش ۋونەيىمىننىڭ ۋە باشقا ئالاقىدار يولداشلارنىڭ كۆرسىتىپ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## مائارىپ باشقۇرۇش ئارقىلىق ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چېچىش

ئازادلىقتىن بۇرۇن، قەشقەر يىراق چېگرىدا ۋە فېئوداللىق بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي بىر

ئىزىدا توختاپ قېلىپ تەرەققىي قىلمىغان. مەدەنىيەت ـ مائا-
رىپ ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن ئارقىدا قالغانىدى. يولداش ۋۇنەيىن
كېلىشتىن ئىلگىرى، يېڭىشەھەردە پەقەت ھۆكۈمەت باشقۇرغان
بىرلا قىزلار مەكتىپى، كونىشەھەر ناھىيە بازىرىدا (ھازىرقى
قەشقەر شەھىرىدە) بىرلا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى بولۇپ ما-
ئارىپ ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. يېڭىشەھەردىكى
ھۆكۈمەت باشقۇرغان قىزلار مەكتىپىدە ئەينى چاغلاردا ئارانلا
200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى.
مەكتەپ مۇدىرى ۋاڭ خۇامىن ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى چوڭ-
كىچىك، بويىمۇ تەكشى ئەمەس. ئالتە سىنىپقا ئايرىلغانىدى.
مۇئەللىمى تەركىبىتىن ئالغاندا، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار كۆپ سانىنى
ئىگىلەيتتى. خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئازراق ئىدى. ۋاڭ
خۇامىن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىقتىدارلىق ئادەم بو-
لۇپ، تۇرمۇش ئىستىلى ئىنتايىن چىرىك ئىدى. يېشى چوڭراق
ئوقۇغۇچىلار بىلەن دائىم قالايمىقان ئىش قىلاتتى، ئۇنىڭ ئىس-
تىلى ياخشى بولمىغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى
ۋە جەمئىيەتتىكى جامائەتچىلىك نارازى ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋاڭ-
خۇامىننى خىزمىتىدىن ئالماشتۇرۇۋېتىش توغرىسىدىكى سادالىرى
ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. كوممۇنىست يولداش لى جۇلياڭ قەشقەر
ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغانىدىن كې-
يىن، ۋاڭ خۇامىن ئاندىن خىزمىتىدىن ئالماشتۇرۇۋېتىلدى.

يولداش ۋۇنەيىن 1939 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، يېڭىشەھەر-
دىكى ھۆكۈمەت باشقۇرغان قىزلار مەكتىپىگە مۇدىر بولغان،
شۇ چاغدا مەكتەپنىڭ ئەسلىھەلىرى ئاددىي ۋە كەمچىل بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىزامى چېچىلاڭغۇ، ئو-

قۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. بولۇپمۇ يېڭى چوڭراق قىز ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشقا قىزىقماي، چۈشكۈنلىشىپ يېيىش. ئىچىش، كىيىم-كېچەك بىلەنلا بولۇپ كېتىشىپ. دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە مىللەتنىڭ ھاياتى - ماماتى بىلەن كارى يوق ئىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتكە قارىتا، يولداش ۋۇنەيىمىن ئىشنى ئالدى بىلەن مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇشتىن باشلاپ جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاندىن باشقا خىزمەتلەرنى پەيدىن-پەي قانات يايدۇردى. ئۇ، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، كۆپچىلىككە ياپونغا قارشى تۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى فېئوداللىق ئىدىيە بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇشقا قوزغاتتى. مۇشۇ ئاساستا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىدىكى بۇرچىنى تونۇپ يېتىشكە يېتەكلەپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغىتىپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلاردىن ياپونغا قارشى تۇرۇشقا تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

يولداش ۋۇنەيىمىننىڭ سەۋرچانلىق بىلەن قوزغىتىشى، تەربىيىسى بىلەن مەكتەپنىڭ كەيپىياتىدا ناھايىتى تېز ئۆزگىرىشلەر بولدى. دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە، ياپونغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى. كېيىن، ۋۇنەيىمىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، مەكتەپ سىرتىدا تەشۋىق قىلىش گۇرۇپپىسى، تام گېزىت گۇرۇپپىسى، ناخشا ئېيتىش گۇ-

رۇپپىسى، بالىلار ئەترىتى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ كوچىلارغا
چىقىپ ئويۇن قويدى، تەشۋىق قىلدى. يازلىق لاگېر پائالى-
يىتىنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچى-
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت قابىلىيىتىنى چېنىق-
تۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتكە تەشۋىق قىلىپ، جەم-
ئىيەتنىڭ مەكتەپكە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، دۆلەتكە كۆڭۈل بۆلۈ-
شىنى، ياپونغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈر-
دى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسلىشىگە قارىغاندا، يولداش
ۋۇنە يىمىنىڭ ئەينى چاغلاردا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزى
ئۆگەتكەن، مەشق قىلدۇرغان ناخشا - مۇزىكا ۋە كىچىك ئوپې-
رالاردىن «يۇرتنى سېغىنىش مۇزىكىسى»، «تەيخاڭشەندە»،
«ياپونغا قارشى تۇرۇشتىكى جەڭچىلەر ئۈچۈن پاختىلىق كىيىم
تىكىش»، «دۈشمەن ئارقا سېپىگە بارايلى!»، «جەڭچىنىڭ ئۆز
يۇرتىدىن ئايرىلىشى» قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۇ-
زۇن مۇددەت مىللىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان يې-
ڭىشەھەر ۋە قەشقەر خەلقىنى روھلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

يولداش ۋۇنە يىمىنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى بىر پارچە
ئوت بولۇپ، يېڭىشەھەر ۋە قەشقەر جەمئىيىتىدە ناھايىتى تېز
لاۋۇلداپ يانغان. ئۇ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى
قوزغىغاندىن كېيىن، يەنە ئۇلارنىڭ كوچىلارغا چىقىپ شوئار
چاپلاپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئالتە بۈيۈك سىياسەت (جاھانگىر-
لىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش،
مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، دېموكراتىيە، پاك - دىيانەتلىك
بولۇش، تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش»نى تەشۋىق قىلىشقا

رەھبەرلىك قىلىپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سىيا-
سى - نەزەرىيە ئۆگىنىش، ماركسىزم - لېنىنىزملىق سىياسىي
ئىقتىساد ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم ئۆگىنىشنى قانات يايدۇر-
غان. يولداش ۋۇنە يىمىن شەخسەن ئۆزى دەرس ئۆتكەن. بۇ-
دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ سىياسىي ئېڭى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ مەسئۇلىيەتچانلىقى
كۈچەيگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.
كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر-
گە ئاكتىپ قاتنىشىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئۇ. مىللى-
تارىستلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى بىر قالاق مەكتەپنى ياپونغا قار-
شى تۇرىدىغان يېڭى تىپتىكى دېموكراتىك مەكتەپ قىلىپ ئۆز-
گەرتكەن.

## چېكرا شەھىرى خەلقىنىڭ ياخشى ئۇستازى، سەمىمىي دوستى

ئاشۇ چاغلاردا، چېكرا شەھىرى قەشقەر ۋە يېڭىشەھەر خەل-
قىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. ئۇلار يىلبويى ئاچ-
يالىڭاچلىقتا ئۆتەتتى. شۇڭا ئۇلار ياپونغا
قارشى تۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتى دېگەنلەردىن بىخەۋەر
ئىدى. ۋۇنە يىمىن يېڭىشەھەردىكى ھۆكۈمەت باشقۇرغان مەكتەپكە ئو-
رۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، دىققەت-ئېتىبارىنى دەرھال ھەر
مىللەت ئاممىسىغا قاراتتى. ئۇ. ئالدى بىلەن ئائىلىلەرنى ئور-
نىدىن دەس تۇرۇپ، ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەت ئىشلىرىغا
كۆڭۈل بۆلۈپ، دەۋرنىڭ خوجايىنى بولۇشقا قوزغىدى. ئۇ. قىز-
لار مەكتىپىنى تۈرلۈك بىلىم ۋە ماركسىزم - لېنىنىزمنى تار-
قىتىشتىكى بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ۋە شاۋقۇن كۆتۈرۈپ،

داغدۇغا پەيدا قىلدى. ئايال قېرىنداشلار بىلەن ئىتتىپاق قىلىشىپ،
ئۇلارنى ئورنىدىن دەس تۇرۇشقا چاقىردى. ئۇي-
نىڭ ۋە باشقا ئائىلىلار زاتلارنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق قەشقەر
رايونىدىكى تۇنجى ئاياللار تەشكىلاتى — قەشقەر ئاياللىرى-
نىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى تېزلا دۇنياغا كەلدى. بۇ
تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى چېگرا شەھىرىدىكى ئاياللارنىڭ ئويـ
غىنىشىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، چېگرا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت
ئاياللىرىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى قوللايدىغان، جاھان-
گىرلىككە قارشى تۇرىدىغان ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. بەزى
يولداشلارنىڭ ئەسلىشىگە قارىغاندا، يولداش ۋۇنەيىمىن ئايال-
لارنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىدا دائىم ياپون-
غا قارشى ئۇرۇشنى تەشۋىق قىلغان، ئىنقىلاب داۋالىرىنى
تەشۋىق قىلغان. ئۇ ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى مىسال كەل-
تۈرۈش ئارقىلىق، ئاياللارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرگەن. ئۇ مۇنداق
دېگەن: «لېنىننىڭ رەھبەرلىكىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى
غايە، ئۈمىد ۋە ئىنقىلابنى ئىنقىلابىي ئادالەتلىك ئۇرۇشقا
باغلىغان. بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىمىزنى دۆلىتىمىزنىڭ
گۈللىنىشى، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئوخشاشلا تەقدىم
قىلىشىمىز لازىم. بىز چېگرا رايون ئاياللىرى جاھانگىرلىكنى
يوقىتىش، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئاداقىچە ئېلىپ بېرىش
ئۈچۈن ھاياتىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز لازىم، مانا بۇ ئەڭ
قىممەتلىك روھ». بۇ ئەينى چاغلاردا چېگرىدىكى كەڭ زېمىندا
تېخى ئاڭلىنىپ باقمىغان سۆزلەر بولۇپ، ھەر مىللەت ئايال-
لىرىنىڭ قەلبىدە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. بۇ سۆز-

لەر ئاياللارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا
ياردەم بېرىشتە ناھايىتى زور رول ئوينىغان.

يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىر مۇنبەت يېزا ئىگىلىك رايونى
بولۇپ، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا نۇرغۇن خەنزۇ دېھقانلار
بار ئىدى. يولداش ۋۇنە يىمىن شەھەر بازىرىدا تەشۋىق قىلىپ
ئاممىنى تەشكىللەپ، ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچقاندىن تاشقىرى،
يەنە دېھقانلار ئارىسىدىمۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇپ. دېھقان-
لارنىڭ دەرد - ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، دېھقانلارنىڭ ئېڭىنى
يۇقىرى كۆتۈرگەن. بەزى يولداشلارنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاسا-
لانغاندا، ۋۇنە يىمىن دەسلەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىر-
نى زىيارەت قىلىش شەكلى بىلەن دېھقانلارغا يېقىنلاشقان.
كېيىن ئۇ، دائىم دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇ-
غۇچىلارنى باشلاپ دېھقانلارغا خالىسانە ئەمگەك قىلىپ بېرىپ،
دېھقانلارنىڭ ئۇرۇق سېلىش، ئورام - يىغىم ئىشلىرىغا ياردەم-
لىشىش ئارقىلىق ئەتراپتىكى دېھقانلار بىلەن قويۇق مۇناسى-
ۋەت ئورناتقان. ئۇ، دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ،
ھال - ئەھۋال سوراپ ئۇلارنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلانغان.
دېھقانلارمۇ ئۇنى خۇددى يېقىن تۇغقىنىدەك بىلىپ ھەممە گېپىنى
ئۇنىڭغا دەيدىغان بولغان. ئۇ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ھىمايىسى-
گە ئىگە بولغاندىن كېيىن، خەنزۇ دېھقانلىرى ئارىسىدا كەچ
كۇرس ئېچىپ يېزىلاردىكى ئاياللارنى ۋە ئوقۇشسىز قالغان
بالىلارنى مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەن.
بەزى يولداشلار ئەسلەپ: «شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ۋۇ
مۇئەللىمگە بولغان مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى» دەيدۇ. ۋۇ
مۇئەللىم ھەر قېتىم دەرس ئۆتۈپ بولۇپ شەھەرگە قايتقاندا، ئايال-

لار ۋە بالىلار ناھايىتى كۆپ مېۋە - چېۋە، ئۈزۈم، تۇخۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلاتتى. يولداش ۋونە يېيىن ئۇلار- غا دائىم سىلىق تەكەللۇپ بىلەن بۇ سوۋغىلارنى رەت قىلاتتى. بىر قېتىم، بىر توپ يېزا بالىلىرى ئۆيلىرىدىكى ياخشى يېمەك- لىكلەرنى ئېلىپ ۋونە يېيىننىڭ ئاسراندى قىزى خۋاڭ شۇشيەننى تېپىپ، ئۇنىڭدىن بۇ نەرسىلەرنى ۋو مۇئەللىمگە ئاپىرىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. خۋاڭ شۇشيەن ۋونە يېيىننىڭ سوۋغا قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، بۇ بالىلارنىڭ تەلىپىگە كۆن- مەيدۇ. كېيىن بۇ بالىلار ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ، كوللېكتىپ ھالدا شەھەرگە كىرىپ ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئاپىرىپ بېرىدۇ. ۋونە يېيىن بۇ يەردىكى دېھقانلار تۇر- مۇشىنىڭ ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تەڭلىكتە قالىدۇ. بىراق، ئۇ بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ نەر- سىلەرنى قوبۇل قىلىپ باھاسى بويىچە پۇل ھېسابلاپ بالىلارغا كىتاب ۋە جىددىي ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىدۇ.

### باشقىلارنىڭ بالىسىغا ئۆز بالىسىدەك كۆيۈنۈش

يولداش ۋونە يېيىن جەسۇر ئىنقىلابىي جەڭچى بولۇپلا قال- ماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ياش- ئۆسمۈرلەرنى ئاسرايدىغان مېھرىۋان ئانا. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارغا ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارغا خۇددى ئۆزىنىڭ پەرزەنتىدەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ خارلانغان قىز خۋاڭ شۇشيەننى ئاسرىۋالغانلىقى ئوب- دان مىسال بولالايدۇ.

يولداش ۋۇنە يىيەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش
ئەھۋالىنى ئەستايىدىل كۆزىتەتتى. بىر كۈنى چۈشتە، بالىلار-
نى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ھەممىسى ئارقىمۇ - ئارقا ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئۇ 12-13 ياش-
لاردىكى بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ پارتا ئالدىدا قورۇق نان
غاجاپ كىتاب كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى
خۇاڭ شۇشيەن. ئەسلى خۇنەندىن. ئۆز ئانىسى كېسەل بىلەن
ئالەمدىن ئۆتكەن. ئائىلىسى يېزىدا بولۇپ ناھايىتى غوربەت-
چىلىكتە قالغان. ئۆگەي ئانىسى ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىكەن.
ئۇ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى قورۇق نان ئېلىپ، نەچچە
چاقىرىم يول بېسىپ مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇيدىكەن. ۋۇنە يىيەن
خۇاڭ شۇشيەنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن
ئۇنى ئاسرىۋېلىپ، يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ-قوپۇشتا بىللە
بولغان. دەم ئېلىش كۈنلىرى، ۋۇنە يىين خۇاڭ شۇشيەنىڭ
ئۆگەي ئانىسى ۋە دادىسىغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، قىز
بالىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرگەن.
ئۇنىڭ ئۇزۇن قېتىملىق تەربىيىسى ئارقىسىدا خۇاڭ شۇشيە-
نىڭ دادىسى ۋە ئۆگەي ئانىسىدا بۇرۇلۇش بولۇپ خۇاڭ شۇ-
شيەنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىنى قوللىغان. دېھقانچىلىق ئال-
دىراش چاغلاردا ۋۇنە بىيەن ئوقۇغۇچىلارنى ۋە خۇاڭ شۇشيەن-
نى باشلاپ بېرىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تېرىقچىلىق ۋە ئوتاق

تونۇش، ئورام - يىغىن ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بۇ ئائىلىدىكى-
لەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرگەن.

1943- يىلى شىڭ شىسەي 6 بۈيۈك سىياسەتتىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى-غا قارشى، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى، خەلققە قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى تېزدىنلا يامانلاشتۇرۇۋەتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن سەممىي ساداقەتلىك بىلەن ئىشلىگەن زور بىر تۈركۈم كوممۇنىست-لار ۋە ئىلغار زاتلار شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلاندى. ۋونە يىمىننىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئامان قالدى. ئۇ قايتىش ئالدىدا بىر پارچە سۈرەتنى خۇۋاڭ شۇ شيەنگە تاپشۇرۇپ بېرىپ: «قايغۇرما قىزىم، مەن چوقۇم قايتىپ كېلى-مەن، زۇلمەت تۈنلىرى ئۆتۈپ كېتىدۇ، تاڭ نۇرى ئال-دىمىزدا......» دەيدۇ.

# 30-يىللارنىڭ ئاخىرىدا پامىر ئېگىزلىكىدە ھەرىكەت قىلغان كوممۇنىستلار

**تەھرىردىن:** مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ ئىلغارلىققا قاراپ يۈزلىنىشىدىن پايدىلىنىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئارقا سېپىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن شىنجاڭدا ئىشلەشكە يەنئەندىن بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى ئەۋەتكەن ئىدى. كوممۇنىست خورۇڭ، شۇلياڭ، جۇچۇنلىڭ، زىلىڭخەيشەنلەر شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملارغا ۋە تاشقورغان ناھىيىسىگە تەقسىملەنگەن. خورۇڭ تاشقورغان چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا، شۇلياڭ تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، جۇچۇنلىڭ، زىلىڭ خەيشەن يولداشلار 48- ئاتلىق تۇەننىڭ لىيەنجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇ تۆت يولداش ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا، پارتىيىمىزنىڭ ئەينى چاغلاردىكى فاڭجېن-سىياسەتلىرى بويىچە تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ياپونغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئارقا سېپى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشقان. بۇ بىر قانچە كوممۇنىستنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدە ئىشلىگەن ۋە ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا، ئاساسلىقى خورۇڭ ۋە باشقا بىر قانچە نەپەر يولداشنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىپ ئەنگلىيە جاھانگىرلىك كۈچلىرىگە زەربە بەرگەنلىكى، تاش-

قورغان چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتىنى رەتكە سال-
غانلىقى، پامىر ئېگىزلىكىدىكى چېگرا قاراۋۇلخانىسىنى بىنا
قىلغانلىقى قاتارلىق ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ دوكلات
خېلى زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە. بىز پەقەت ئايرىم جۈملىلەر-
نىلا ئۆزگەرتتۇق، كۆپ قەلەم تەككۈزمىدۇق. كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇپ
چىقىشى ۋە تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن بۇنى تۆۋەندە ئېلان قىلدۇق.

## ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئەتكەسچىلىكىگە زەربە بېرىش

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەسلەپكى چاغ-
لاردا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
دوست بولۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، ئەنگلىيە جاھانگىر-
لىكىگە قارىتا قاتتىق قوللۇق دىپلوماتىيە فاڭجېنى قوللاندى.
1938- يىلى 1- ئايدا، شېڭ شىسەينىڭ خورۇڭنى تاشقورغان
چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىن-
لىگەنلىكى مۇشۇ فاڭجېننى يولغا قويغانلىقىنىڭ ئىپادىسى
بولالايدۇ.

خورۇڭ چېگرىغا بارغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە جاھانگىر-
لىكىنىڭ قىلچە ئەيمەنمەستىن تاجاۋۇزچىلىق ئىبلىس چاڭگىلىنى
تاشقورغانغىچە سوزغانلىقىنى، ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى
شەھەر - بازارلىرىنى سىياسىي جەھەتتە كونترول قىلىۋالغان-
لىقىنى كۆردى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن،
ئەنگلىيە ۋە ھىندىستاننىڭ بەزى سودا كارۋانلىرى بەزى
قارام تەۋەككۈلچىلار چېگرىغا ئەپيۇن يۆتكەپ كېلىپ دۆلىتىمىز-
دىن ئالتۇن، گۆھەر ۋە ئەتىۋارلىق كانمەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ
چىقىپ كەتكەن. ئۇلار چېگرىمىزدىن بىمالال كىرىپ - چىقىپ
يۈرسىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان. بۇلارنى كۆرگەندىن

كېيىن، خوروك ھازىرقى جىددىي ئىش ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى-
نىڭ تاشقورغاندىكى بارلىق ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىپ،
ئۇلارنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش ھەمدە مۇشۇ ئارقى-
لىق ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ دۆلىتىمىز زېمىنىدىكى زوراۋان-
لىقلىرىغا زەربە بېرىش كېرەك، دەپ قارىدى.

تاشقورغان ناھىيە بازىرى ئىچىدىن مىڭتېكە چېگرا
قاراۋۇلخانىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھىندىستان بىلەن كەش-
مىرگە ئۆتىدىغان بىر مۇھىم يول بولۇپ، بۇ
ئەنگلىيە - ھىندىستان سودا كاروانلىرىنىڭ ئەتكەسچىلىك
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھىم يولى ئىدى. ئەنگلىيە - ھىندىس-
تان سودا كاروانلىرىنىڭ ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە
بېرىش ئۈچۈن، چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتى دائىم
كىچىك ئەترەت چىقىرىپ ناھىيەلىك باج ئىدارىسىنىڭ دۆلەت
چېگرىسىدىن كىرىپ-چىققۇچىلارنىڭ مال - مۈلكىنى قاتتىق تەك-
شۈرۈش ۋە ئۇنى كونترول قىلىشقا ھەمكارلىشىشتىن تاشقىرى
مىڭتېكىدىن تاشقورغانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سودا يولى-
دا يۈك - تاقلارنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، چەكلەنگەن نەرسە-
كېرەكلەرنى ۋە ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىقلارنىڭ بارلى-
قىنى سەزگەن ھامان مۇسادىرە قىلدى. 1939 - يىلى 8 - ئاي-
نىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات ئىشخانى-
سى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېۋان مەھكىمىسى باشقارمىسى، شىنجاڭ
ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى، شىنجاڭ مالىيە-
ىي نازارىتى، [illegible] شىنجاڭ سودا بانكىسى قا-
[illegible] «... تاشقور-

غان چېگرا ئېغىزى ۋە ناھىيىنىڭ ھۆكۈمەت ئەنگلىيە سودى-
گەرلىرى دۆلەت چېگرىسىدىن ئېلىپ ماڭغان ئالتۇن - كۈمۈش-
لەرنى مۇسادىرە قىلىپ بېرىشكە تاپشۇردى. كۆزدىن كەچۈرۈشلە-
رىنى سورايمىز. قوشۇمچە: بىر يىشىك ئالتۇن - كۈمۈش چوڭ-
كىچىكى 15 بولاق... ئالمىدېرىجىلىك ئالتۇن، زىبۇ - زىننەت
قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى 13 سەر 8 مىسقال 4 پۇڭ.
يامبۇ ۋە كويزا ئالتۇنىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى 463 سەر
5 مىسقال...» دېگەن مەزمۇندا خەت يازغان. 1941 - يىلى 2-
ئاينىڭ 1 - كۈنى كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، يېڭىسار،
مارالبېشى، تاشقورغان، ئۇلۇغچات يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى جاڭ توڭجۇ، مۇئاۋىن باشلىقى گاۋ يۈچىڭلار قەشقەر ۋالىي
مەھكىمىسى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىگە:
«تاشقورغان يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ خېتىدە... چېگرىدىن
چىقىپ كەتمەكچى بولغان ئەنگلىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ ئۆلكە
پۇلى ۋە كۈمۈشلىرى مۇسادىرە قىلىندى. تەكشۈرۈپ كۆرۈشلىرى-
نى ئۆتۈنىمىز...» دېيىلگەنىكەن. ئىدارىمىز بۇ يىل 2 - ئاي-
نىڭ 1 - كۈنى ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ قويۇپ بېرىش تۈرىنى
بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرگىنىمىزدە چېگرىدىن چىقماقچى بولغان
ئەنگلىيە مۇھاجىرى شۇشېرا قاتارلىق ئىككى كىشىنى، ئەن-
گلىيە تەڭگىسىدىن 156 دانە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك قەغەز پۇلى-
دىن 769 يۈەن ئېلىپ ماڭغانىكەن. بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى-
مۇسادىرە قىلىندۇق» دەپ يازغان. 1941 - يىلى 4 - ئايدا جاڭ
توڭجۇ بىلەن گاۋ يۈچىڭ قەشقەر ۋالىيسىغا: «...ئەنگلىيە پۇقرا-
لىرى مۇستافا چېھتىملام قاتارلىق يەتتە كىشى ھىندىستانغا قاي-
تىش سەپىرىدە تاشقورغان چېگرىسىغا بارغاندا تەكشۈرۈپ ئې-

ئىنقىلابىدىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىمىز دەپ ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ھىندىستان پۇلى ئۆتۈپ قېلىنغان... بۇ پۇللارنى مالىيە نازارىتىگە تاپشۇرۇپ ئەنگە ئالدۇرۇش بۇيرۇق قىلىندى. بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن ئاۋۋال، بىز بۇ پۇللارنى ئىدارىمىز مەھكىمە ئارقىلىق تاپشۇرۇپ بېرىش مۇھىم دەپ قارىدۇق» دەپ خەت يازغان. بۇ ئارخىپ ماتېرىياللىرى، ئەينى چاغلاردا خۇرۇڭ باشچىلىقىدىكى چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەنگلىيە - ھىندىستان سودا كارۋانلىرىنىڭ ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىپ دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، تاشقورغان چېگرا قوغداش چوڭ ئەترىتى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئەنگلىيە-ھىندىستان سودا كارۋانلىرىغا قارىتا! قاتتىق باج تۈزۈمىنى قوللىنىپ ئۇلارنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. مەسىلەن: زەھەرلىك بۇيۇملارنى سېتىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، باج ئوغۇرلاش، ئۆز ئالدىغا قورال- ياراق، ئوق-دورا يۆتكەش ھەمدە يەرلىك جۇڭگو پۇقرالىرى بىلەن بىرلىشىپ يولسىز ئىشلارنى قىلىش قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ سېزىلگەن ھامان نىزامنامە بويىچە تېزلىكتە بىر تەرەپ قىلىنغان. چەكلەنگەن تاۋارلارنى ئېلىپ ماڭمىغان سودا كارۋانلىرىغا قارىتا. خۇرۇڭ چېگرا قوغداش چوڭ ئەترىتىنىڭ لىيەنجاڭى مادايوپ. بەنجاڭ قاسىم قاتارلىقلارنى ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۇزۇتۇپ قويۇش نامى بىلەن نازارەت قىلدۇرغان. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلىرى ئالاھىدە ئېغىر بولغانلىرىنى

قارشى ئېلىنمايدىغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىپ چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغان.

تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى — يولداش شۇلياڭ ناھىيىلىك سودا شىركىتىدىكى كىشىلەرنى يېتەكلەپ يېزىلارغا، چارۋىچىلىق نۇقتىلىرىغا. ئاق ئۆيلەرگە بېرىپ ئادىل سودا-سېتىق قىلىپ كۈندىلىك تۈرلۈك ماللارنى چارۋىچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەرگەن.

## توپىلاڭنى تىنجىتىش ۋە ئەنگلىيە ئاخبارات تورلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش

1938 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كونىشەھەر ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق 35 - ئاتلىق تۇەننىڭ ئىككى لىيەنىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. توپىلاڭچى قوشۇن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇلۇغچات ۋە تاشقورغان چېگرىسى ئارقىلىق چەت ئەلگە قاچماقچى بولدى. تاشقورغان چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتىنىڭ پەيك قاراۋۇلخانىسىدىكى بىر پەي ئەسكەر توپىلاڭچى قوشۇننىڭ چەتكە قېچىشىغا ماسلاشماقچى بولغانىدى.

شۇ چاغدا، يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق 31 - ئاتلىق تۇەن، 48 - تۇەن ۋە تاشقورغان چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتى بۇيرۇق بويىچە توپىلاڭنى تىنجىتىشقا قاتناشتى. 48 - تۇەن 2 - لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى زىلىڭ خەيشەن (ئەسلى ئىسمى زىلىڭ يۇلياڭ) 2 - ۋە 3 - لىيەننى باشلاپ يېڭىشەھەردىن يولغا چىقىپ، ئۇلۇغچات ئارقىلىق تورغات تەرەپكە قاراپ مېڭىپ قوغلاپ زەربە بېرىشكە، 3 - لىيەننىڭ لىيەنجاڭى جۇچۇئىلىن 1 - ۋە 4 -

لەنى باشلاپ ئۆتتى. ئاتىشىلىق ئۇرۇشلۇق تاشقورغان تەرەپكە ھۇجۇم قوزغىلىپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلدى. تاشقورغان چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتى چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتە- كەندىن باشقا. يەنە زەمبىرەك يېتەكچىلىكىدىكى بىر پەي ئاتلىق ئە- سكەر مۇجىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن قىستاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلدى.

جۇ چۈنلىن ۋە زىڭخەيشىنلەرنىڭ قوشۇنى ئۇيتاغ ئېغىزى- غىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ 40 ئادىمىنى يوقىتىپ بىر بۆلۈك ئات، قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى، بۇ چاغدا زەمبىرەك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ مۇجىغا يېتىپ كېلىپ، 31 - تۈەندىكى قوغلاپ يوقىتىش قوشۇنى ۋە جۇچۈنلىن، زىڭخەيشىن قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار ئازراق ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىشىۋالغاندىن كېيىن قالدۇق توپى- لاڭچى قوشۇنلارنى قوغلاپ ماڭدى. يولداش خورۇڭ شىرىنبەكنى بىر پەي ئاتلىق ئەسكەر بىلەن يەككە ئەۋەتتى. ئۇلار باشقا لىيەنلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن يەكتە تۇرۇشلۇق پەيىنىڭ بار- لىق قوراللىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئادەملىرىنى ناھىيە بازى- رىدىكى گازارمىغا يالاپ ئېلىپ كەلدى. ئۈچ كۈنلۈك ھۇجۇم سەرە قىلىپ زەربە بېرىش ئارقىلىق بۇ قېتىملىق ئارمىيە ئىچىدىكى توپىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى يوقىتىلدى. پە- قەت سادىر قاتارلىق 33 نەپەر قالدۇق توپىلاڭچىلارلا ئافغا- نىستانغا قېچىپ كەتتى.

چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتى ئىگەللىگەن ئەھ- ۋاللارغا ۋە ئەسىرلەرنى سوراق قىلىشقا ئاساسلىنىپ بۇ قې- تىمقى توپىلاڭنى قوزغاتقۇچى كىشىنىڭ 35 - تۈەنگە سرقىز-

ئۇپ كىرىۋالغان سادىر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. سادىر ئەنـ-
گلىيە جاسۇسى بولۇپ چىققان. توپىلاڭ يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى،
مۇشۇ تۈزەندىكى يەنە بىركىرماندىر ئىسھاق تاشقورغان پەيك قاراۋۇل-
خانىسىدىكى پەيچاڭ شۇنۇرگە ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، مۇ-
شۇ قاراۋۇللۇق ئورنىدىن چەتكە قېچىپ كېتىش ھەققىدە بىر
پارچە خەت يازغانىدى. بۇ خەت پەيككە يېتىپ بارغاندىن كې-
يىن چېگرا ئاغزىنى قوغداش دادۈيى تەرىپىدىن باسۇرۇپ قو-
يۇلغان.

ئۇرغۇن پاكىتلار بۇ قېتىملىق توپىلاڭنىڭ ئەنگلىيىنىڭ
قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ۋە ئەنگلىيىنىڭ تاشقورغاندىكى
ۋاكالەتخانىسى تەرىپىدىن پىلانلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار
يەنە 1937 - يىلىدىكى ھۇسەن، ماھمۇتلارنىڭ چەتئۆبىي شىن-
جاڭدا توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنىمۇ پىلانلىغان. جىنايەتچىلەرنىڭ
ئىقرارى ۋە تەكشۈرۈپ تېپىلغان تېلېگراف ئەسلىھەلىرى، قورال-
ياراق، ئوق - دورىلار ئالدىدا، ئەنگلىيىنىڭ تاشقورغاندىكى
ۋاكالەتخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ھېچنېمە دېيەلمىدى، تېنە-
ۋېلىشقىمۇ ئامالسىز قالدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى
ۋە چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، چېگرا ئې-
غىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتى يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلاتقان-
دىن كېيىن، ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدىكى خادىملار بىلەن ھەم-
كارلىشىپ، ئەنگلىيىنىڭ تاشقورغاندىكى ۋاكالەتخانىسىنىڭ ئە-
مەلدارلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. چېگرىدىن قوغلاپ
چىقىرىلغانلارنىڭ ئىچىدە يەنە تاشقورغان پوچتا ئىدارىسىنىڭ
[illegible] - جەك. پوسىلكىلىر - باشقۇرىدىغان [illegible]

لىنىڭ بىر ئەنگلىيە جاسۇسىمۇ بار. باشقا جاسۇسلارنىڭ ھەممى-
سى قولغا ئېلىنغانىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيىنىڭ تاشقور-
غاندا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىسىنىڭ مىڭ بىر جاپا بىلەن
قۇرۇپ چىققان ئاخبارات تورى پۈتۈنلەي پاچاقلاپ
تاشلاندى.

## ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش

تاشقورغان چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترەتتە
500 دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، بۇلار بىر تۈەننىڭ شىتاتىغا
تەڭ كېلەتتى. بۇرۇن بۇ قىسىمنىڭ مىللىتارىستلىق ئىللەتلىرى
ئېغىر بولۇپ، خىيانەتچىلىك ئەۋج ئالغان، ئىنتىزامى بوش،
جەڭگىۋارلىقى ئاجىز ئىدى. خورۇڭ بۇ چوڭ ئەترەتنىڭ باش-
لىقلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، بىرىنچىدىن ئىلگى-
رىكىدەك يامۇلچە بيۇروكراتلىق ئىستىلىغا قارشى تۇرۇپ،
ئەسكەرلەر ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلدى. تاجىك مىللىتىدىن بول-
غان مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى زەمىر ۋە باشقا ئىلغار كوماند-
دىر جەڭچىلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئې-
رىشكەندىن كېيىن، 1939 - يىلى 5-، 6 - ئايلاردا قىسىمنى تۆ-
ۋەندىكى جەھەتلەردىن رەتكە سالدى:

1. ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ ئىزچىللاش-
تۇردى ۋە ئىلغار ئىدىيىنى تارقاتتى.

ئەينى چاغدا شىنجاڭدا ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزې-
دۇڭ ئەسەرلىرىدىن بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تارقىتىشقا رۇخ-
سەت قىلىنغانىدى. گېزىت - ژورناللاردىمۇ شىنخۇا ئاخبارات

ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە بىزنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى جەڭ-
چىلىرىمىزنىڭ ياپونغا قارشى باتۇرانە جەڭ قىلغان ئىش-
ئىزلىرى بېسىلاتتى. يولداش خورۇڭ ناخشا مۇسابىقىسى، كەچ-
لىك كۆڭۈل ئېچىش، خاتىرىلەش يىغىنى ۋە باشقا يىغىن، پائا-
لىيەتلەردىن پايدىلىنىپ كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ياپونغا
قارشى تۇرۇش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش،
يېڭى پەلسەپە توغرىسىدا تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باردى. مارك-
سىزملىق كۆز قاراش ئارقىلىق 6 بۈيۈك سىياسەتنى ۋە يېڭى
ھۆكۈمەتنىڭ باشقا تەدبىر-پەرمانلىرىنى يېشىپ چۈشەندۈردى. يول-
داش خورۇڭ ئۇلارغا يەنە «ئۈچ سەرگەردان كۈيى»، «تەيخاڭ-
شەن تېغىدا» قاتارلىق ياپونغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ناخشى-
لارنى ئۆگىتىپ ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغاتتى.

2. ئىلغار كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى ياپونغا قارشى تۇ-
رۇشتا ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش شۆبە جەمئىيىتىگە قوبۇل
قىلدى. 1937 ـ يىلى «7-ئىيۇل» ۋەقەسىدىن كېيىن، شىنجاڭ-
دىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ پارتىيىمىز رەھ-
بەرلىك قىلغان ياپونغا قارشى داغدۇغىلىق ئۇرۇشقا ياردەم بې-
رىش، سوۋېت خەلقىنىڭ گېرمان فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشى-
غا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچىدە جاھانگىرلىككە قارشى
باش جەمئىيەت قۇرۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى را-
يونلىرىدىمۇ مۇناسىپ ھالدا ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئارقا
سەپتىن ياردەم بېرىش شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلغانىدى. ئارمىيە
ئىچىدىمۇ مۇشۇ ئىلغار تەشكىلات قۇرۇلغانىدى. خورۇڭ ۋەزىپە
ئۆتىگەن مەزگىلدە، يولداش چېن تەنچيۇنىڭ يوليورۇقى
بويىچە، ئالدى بىلەن تاشقورغاندىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا

ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش شۆبىچە مەنمىيەتى خىزمىتىگە قات-
نىشىپ بۇ تەشكىلىنىڭ ئارمىيە ئىچىدىكى مەسئۇلى بولدى. مەد-
دە مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى زەمىر. لىيەنجاڭ مادايوپ. بەن-
جاڭ قاسىم قاتارلىق ئىلغار كوماندىر - جەڭچىلەرنى بۇ تەش-
كىلىگە قوبۇل قىلىپ، ئارمىيىنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن تەشكىلىي
ئاساس ھازىرلىدى.

3. خىيانەتچىلىك ۋە مىللىتارىستلىق ئىللەتلىرىنى تا-
زىلىدى. يولداش خورۇك سىياسىي-سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ئاسا-
سىدا، 8 - ئارمىيىنىڭ چارىسىنى ئۈلگە قىلىپ، چېگرا ئېغىزنى
قوغداش چوڭ ئەترىتىدە قاتتىق ئىنتىزام ۋە دېموكراتىك تۈز-
مۈش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى. ئۇ، ئەسكەرلەرنى خىيانەتچىلىك ۋە
باشقا قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى پاش قىلىشقا قوزغىتىپ، بىر
قانچە كوماندىرنىڭ ئاماق پۇلنى خىيانەت قىلغانلىقىنى ۋە
يەنە بىر قانچە كوماندىرنىڭ ئەسكەرلەرنى خارلىغانلىقىنى
تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئەھۋالنىڭ ئېغىر ۋە يېنىكلىكىگە قاراپ
ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى
ۋە باشقا جازا قوللاندى.

4. كۈچلەرنى تەڭشىدى ۋە تولۇقلىدى. يولداش خورۇك
چېگرا ئېغىزنى قوغداش چوڭ ئەترىتىدىكى كوماندىر-جەڭچى-
لەرنى تەڭشەپ ۋە تولۇقلاپ، بەزى ياشانغان، تېنى ئاجىز
كوماندىر - جەڭچىلەرنى تاغدىن ئالماشتۇرۇپ يۆتكىۋېتىپ،
كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق 31 - ئاتلىق تۇەن ۋە
48 - تۇەنلەردىن شەرقىي شىمالىق تۆۋەن دەرىجىلىك كوما-
ندىر-جەڭچىلەرنى يۆتكەپ بېرىپ، تاشقورغان چېگرا ئېغىزنى
قوغداش چوڭ ئەترىتىنى تولۇقلىدى. ئابلەق ئەسلەپ مۇنداق

دەيدۇ: «توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن (35 - تۈەندىكى ئىككى لىيەنىڭ توپىلىڭى كۆزدە تۇتۇلىدۇ). شىڭشىسەي دائىرىلىرى بۇ قېتىمقى جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن 31 - تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى ئەمەت ۋە چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زەمىرلەرگە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنامىدىن بىردىن ئوردېن تەقدىم قىلغان». «مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى زەمىر قوشۇن تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، 31- ئاتلىق تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن.»

## شىمال يوللۇق ئۇزۇنلۇقتىكى چېگرا قاراۋۇلخانىسىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىش

توپىلاڭ تىنجىتىلغان ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئاخبارات تورلىرى يۇلۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، تاشقورغان چېگرىسى كۆنايىن تىنچلاندى. ئەينى چاغلاردىكى چېگرا قاراۋۇلخانىلىرى مۇكەممەل ئەمەس، كۆپ يىللاردىن بۇيان رېمونتمۇ قىلىنمىغانىدى. مۇداپىئەنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترىتى بىلەن چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ قۇرۇپ چىقىش خىزمىتىگە ئاتلاندى. 1939 - يىلى 1- ئايدا، يولداش خۇرۇڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى زەمىر بىلەن بىرلىكتە لىيەنجاڭ مادىيوپ ئەترەت باشلىقلىقىدىكى ۋە «تاغ بۈركۈتى» دەپ نام ئالغان قاسىم بەنجاڭلىقىدىكى 20 نەچچە ئادەمدىن تەشكىللەنگەن يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ چېگرىنى بويلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

تەكشۈرۈش داۋامىدا، ئۇلار ئېگىزلىكتىكى قاتتىق سوغۇققا پەرۋا قىلمىدى، قار ۋە شىۋىرغاندىن قورقمىدى، مۇزلۇق

چوققىلار، چوڭقۇر ھاڭلار ۋە ئېدىرلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ھاتـ
مۇ - تات قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى. ئەنگلىيە ۋە ھىندىستاننىڭ
قوراللىق باندىتلىرى بىزنىڭ تاجىك چارۋىچىلىرىمىزنىڭ
200 دىن ئارتۇق قوي - كالا ۋە باشقا مال - مۈلۈكلىرىنى بۇ-
لاپ كەتكەندى. بىزنىڭ قوراللانغان بۇ ئاتلىق قوشۇن بۇنىڭ-
دىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قوغلاپ زەربە بېرىپ، باندىت-
لارنىڭ باشلىقىنى ئېتىپ تاشلاپ، قالغان ئەسىرلەرنى يالاپ،
قوي - كالىلارنى ھەيدەپ ئېلىپ كېلىپ، چارۋىچىلارنىڭ باشقا
مال-مۈلۈكلىرىدىن تارتىپ ھەممىنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ
بەردى. شۇندا قىلا ئۆز يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن خەلق ئەسكەرلى-
رىنى تەشكىللەپ ئۇلارغا قورال - ياراق تارقىتىپ بەردى.

بىزنىڭ قوراللانغان بۇ ئاتلىق قوشۇن شۇ يىل 3 - ئايدا
تاشقورغاندىكى گازارمىغا قايتىپ كەلدى. خورۇك قاتارلىق-
لار ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، قاراۋۇلخانىلارنى رېمونت
قىلىش ۋە ياساش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ يۇقىرىغا يوللاپ
تەستىقلاتتى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى شۇ يىل
7 - ئايدا پۇل ئاجرىتىپ بەرگەندىن كېيىن ئادەم كۈچى ۋە
داددىي كۈچ تەشكىللەپ قۇرۇلۇشنى باشلىدى. يولداش شىرىنبەگ
زۇلال ۋە ئابلەقلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا
قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى 100 مىڭ يۇەن شىنجاڭ پۇلى ئاجراتقان.
تاشقورغان، يەكەن، يېڭىسار، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر قاتار-
لىق ناھىيىلەر نۇرغۇن خەلق ئىشچىلىرى ۋە 100 دىن ئارتۇق
[illegible]
[illegible]
ھان، [illegible] دىن ئارتۇق ياغاچ ۋە نۇرغۇن ئۇزۇق - تۈلۈك.

ئوت - سامان توشۇلغان، ھەربىي ۋە خەلقلەرنىڭ ئورتاق تې-
رىشچانلىقى ئارقىلىق، -ونجىراپ، پەيك، دەپتەر، لوپكاز، قوش-
بى قاتارلىق 5 ئوردۇندىكى قاراۋۇللارنا يېڭىلانغان، چېگرا
ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئۆترىتى يەنە چاررومىيە تاشقورغاندا يا-
غان ھەربىي لاگېرنى كېڭەيتىپ ياساپ چىقىپ، چېگرا مۇداپىئە-
نى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن زور خىزمەت كۆرسەتكەن.

جۇچۇنلىن، زېڭ خەيشەنلەر 48 - ئاتلىق تۈەنىدەلىيە-
جاڭ بولغان چاغدا، پارتىيىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە 6 بۈيۈك
سىياسەتنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، ياپونغا قارشى
تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ داۋالىلىرىنى تەشۋىق قىلغان.
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ،
ئىلغار كوماندىر-جەڭچىلەر بىلەن ئىتتىپاق قىلىشىپ، ئۆزلىرى
بىلىدىغان ئات ئۆستىمدىكى ماھارەت ۋە باشقا ھەربىي بىلىملەر-
نى كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەرگە ئۆگىتىپ، چېگرا رايونى-
دىكى ھەر مىللەت ھەربىي ۋەخەلقىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

# گېنېرال جاۋشىگۇاڭ قىسمىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئالدى - كەينىدە

شى خېشياۋ

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى - گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شىتابىنىڭ باش قوماندانى تاۋسىيۇ بىلەن مۇئاۋىن باش قوماندانى، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شىتابىنىڭ جۇڭجياڭ دەرىجىلىك قوماندانى جاۋشىگۇاڭنىڭ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى 100 مىڭ كوماندىر-جەڭچىلەرنى يېتەكلەپ، ھەقىقەتكە قايتقان كۈنى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە مانا بۇنىڭغا 37 يىل ئۆتتى. ئەشۇ يىللاردا گېنېرال تاۋسىيۇ بىلەن جاۋشىگۇاڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگىنىمىزدە، قەشقەرنى شەخسەن ئۆزى قولىدا تۇتۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شىتابىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە 42-جۇننىڭ باشلىقى بولغان جاۋشىگۇاڭنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇيالمايمىز. ئۇنىڭ شىنجاڭدا تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە قوشقان تۆھپىلىرى ئۆچمەستۇر. ھەقىقەتكە قايتقان بىز كوما-

دەرىجىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-سىنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى ئارقىلىق چېگرا رايوننى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلاردا بەلگىلىك نەتىجە قازىنىپ، تارىخنىڭ بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدۇق. بەزى يولداشلار شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى، بەزى يولداشلار يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئېتىۋار بىلەن ئىشلىتىشىگە ئېرىشىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر بولدى. 10 يىللىق مالىمانچىلىق ۋاقتىدا بەزى يولداشلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇلار ھەقىقەتكە قايتقانلارغا قارىتىلغان سىياسەت بويىچە ئاساسەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بالا-چاقا ۋە نەۋرە كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى بەختلىك ئۆتكۈزمەكتە. ئۇلار ئاخىرقى كۈچىنى چىقىرىپ، بالا-چاقىلىرىنى ۋەتەننىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا تەربىيىلىمەكتە.

## گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشى

كونا جۇڭگودىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا 10 مەمۇرىي رايون تەسىس قىلغانىدى. 1944-يىلى كۈزدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ مەمۇرىي رايوندا (ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان) 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىدىن پەقەت شىمالىي شىنجاڭدا

ئۈچ، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۆت مەمۇرىي رايون، جەملىي بەشتە مەمۇرىي رايونلا قالغانىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت مەمۇرىي رايون قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن ئىدى. گومىنداڭ بۇ تۆت مەمۇرىي رايوننىڭ ھەممىسىدە ئەسكەر تۇرغۇزغانىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شىتابى بار ئىدى. قوماندانلىق شىتابىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى شەرقتە قاراشەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كۆمۈشكىچە، غەربتە ھازىرقى شىزاڭ ئالى رايونىغىچە ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى ئاتلىق بىرىگادا، ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر بىرىگادىسى بار ئىدى. 4-ئاتلىق بىرىگادا يەكەندە، 9-ئاتلىق بىرىگادا قەشقەردە، 65-بىرىگادا ئاقسۇدا، 128-بىرىگادا قاراشەھەردە تۇراتتى. تۆت ھەربىي مەمۇرىي رايوننىڭ ھەرقايسىدا بىرىگادىغا باراۋەر دېگۈدەك ئەسكىرىي كۈچى بار ئىدى. بۇ بىرىگادىلار گومىنداڭنىڭ 42-جۈنىگە تەۋە بولۇپ، جۈن شىتابى يېڭىشەھەردە ئىدى. جۈن شىتابىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل تۇەن، توپچىلار لىيەنى، ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش يىڭى، ئالاقىچىلار يىڭى، مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى، سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى قاتارلىقلار بار ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان جۇڭگو-سوۋېت، جۇڭگو-پاكىستان، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا لىنىيىسى بولغاچقا 42-جۈن ئۇچتۇرپان، تاشقورغان ۋە گۇمىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا چېگرا ئېغىزىنى قوغداش چوڭ ئەترەتلىرى قۇرۇپ چېگرىنى ساقلايتتى.

ئارمىيە تۇرغانلىكى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئارقا سەپ تەمىنات قىسىملىرىنىڭ تەشكىلەش شۆبە ئىدارىلىرى ياكى تەمىن-

لەش پونكىتلىرى بار ئىدى. قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەرلەردە ئاپتوموبىل يېڭى، ئات-خېچىر ئەترەتلىرى بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتىمدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي تەمىنات سېپى ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا، ئاپتوموبىل ۋە ئات-خېچىر ترانسپورت ھەربىي تەمىناتنىڭ ئاران 40 پىرسەنتىنىلا تەمىن ئېتەلەيتتى. قالغان تەمىناتنىڭ ھەممىسى خەلق ئىچىدىن ئۇلاغ ترانسپورتى تەشكىللەش ئارقىلىق يۆتكىلەتتى.

### گېنېرال جاڭ جىجۇڭ جاۋ شىگۇاڭغا ئېغىر ۋەزىپە ئارتتى

گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارى بولغان جاڭ جىجۇڭ سىرتتا دۆلەتنى ياپونغا قەتئىي قارشى تۇرۇش، ئىچكى جەھەتتە تىنچلىقنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلىپ، جياڭ جيېشى قوزغىغان ئىچكى ئۇرۇشقا قەتئىي قارشى تۇردى. 1944-يىل 11-ئايدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلمىغا چىداپ تۇرالماي، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتتە گومىنداڭغا قارشى مىللىي ئىنقىلاب قوزغىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جاڭ جىجۇڭنى غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. جاڭ جىجۇڭ ئەمەلنى قولغا ئالغاندىن كېيىن دەرھال ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش يولىدا دەسلەپكى كېلىشىم ھاسىل قىلدى. جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن

سابىق شىنجاڭ گومىنداڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىلىيەن بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ 42 ـ جۇننىڭ باشلىقى ياڭ دېلياڭنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى گېنېرال تاۋسىيۇنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، جاۋشىڭۋاڭنى مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ 42ـجۇننىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى ھەمدە ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. گېنېرال جاڭ جىجوڭ، تاۋسىيۇ ۋە جاۋشىڭۋاڭلارغا ئۆزىگە قاراشلىق ھەربىي قىسىملارغا دۆلەت ۋە خەلقنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى قىلىش، يەرلىكنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرىشنى كۆپ قېتىم تاپىلىغانىدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن قەشقەر ـ يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. كونىشەھەردىكى ئاھالىلەر ئاساسەن ئۇيغۇرلار بولۇپ، بۇ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ئاۋات، كۆللەنگەن بىر جاي ئىدى. ۋالىي مەھكىمىسمۇ مۇشۇ شەھەردە ئىدى. يېڭىشەھەردە خەنزۇ ئاھالىلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى مۇشۇ يەردە ئىدى. قەشقەر مۇھىم ھەربىي ئورۇن بولغاچقا، تارىختىن بۇيان ھەربىيلەر تالىشىپ كەلگەن جاي ئىدى. گېنېرال جاۋشىڭۋاڭ قەشقەردە تۇرغان 3 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە جاڭ جىجوڭنىڭ «ئارمىيە سىياسىغا ئارىلاشماسلىق، ئارمىيە بىلەن خەلقنى ئايرىش، مىللەتلەرنى ئايرىپ ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت 3 پرىنسىپنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلدى. ئۇ ھالقىلىق پەيتتە مىللەتنىڭ غېمىنى يەپ، گېنېرال تاۋسىيۇ بىلەن جاپا-

مۇشەققەتنى تەڭ تارتتى. گېنېرال جاڭ جىجوڭ، تاۋسىيۇ-
لارنىڭ شىنجاڭنى ... تەرەپلىك ۋەزىيەتتە تۇتۇپ تۇرۇشىغا ھەم-
كارلاشتى. 1949-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق
بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى ئېلان قىلىنغاندا، گېنېرال جاۋ-
شىگۇاڭ قەشقەرنى تۇتۇپ تۇرۇپ قەشقەر رايونىنىڭ جەمئىيەت
ئامانلىقىنى قوغداپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
قەشقەرگە كىرىشىنى كۈتۈۋالدى. ئۇ، قوماندان ۋاڭجېن، 2-جۈن-
نىڭ باشلىقى گو پىڭ ۋە سىياسىي كومىسسار ۋاڭ ئېنماۋلارنىڭ
ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى.

## جاۋشىگۇاڭ بىلەن تاۋسىيۇ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشتا دۈچ كەلگەن توسالغۇلار

جاۋشىگۇاڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ باۋشەن ناھىيىسىدىن
بولۇپ، يۈننەن ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتتۈرگەن-
دىن كېيىن، سەي ئېنىڭ قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان. يۈەن-
شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى دۆلەتنى
قوغداش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە
تاۋسىيۇ قوماندانلىق 1-جۈنىنىڭ باشلىقى بولغاندا، جاۋشىگۇاڭ
مۇشۇ جۈننىڭ قارمىقىدىكى شىنىڭ شتابچى بولغان. گېنېرال
تاۋسىيۇ باۋدىڭدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندىلا گېنېرال
جاڭ جىجوڭ بىلەن يېقىن دوستلاردىن ئىدى. جاۋشىگۇاڭ 1-جۈندە
ئىشلىگەن چاغدا گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ دوستى بولغان. شىنجاڭ-
غا كېلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇلار نۇرغۇن توسالغۇلارغا
ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قوماندانلىق ئارمىيىسى ئىچىدىكى مەز-
ھەپ كۈرىشى ھەممىدىن زور توسالغۇ ئىدى. قوماندانلىقنىڭ

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى ئىچىدىكى مەزھەپلەر بەكمۇ
مۇرەككەپ بولۇپ، ئاساسەن مۇنداق ئىككى چوڭ سىستېمىغا
ئايرىشقا بولاتتى: بىرسى، شىنجاڭدىكى مەركىزىي سىستېما بولۇپ
بۇنىڭدا ئادەم كۆپرەك ئىدى. بۇنىڭدىكى 5 بىرىگادا خۇزۇڭنەن-
نىڭ كونتروللىقىنى قوبۇل قىلاتتى. تاۋسىيۇ بىلەن جاۋشى-
گۇاڭ گومىنداڭنىڭ يېقىنلىرىدىن ئەمەس ئىدى. خۇزۇڭنەن
ئۇلارغا ئەمەلىي ھەربىي ھوقۇق تۇتمايدىغان ساختا ئۇنۋان بەر-
گەنىدى. بۇ ئىككىيلەن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمى-
يە ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى مۇھىم كىشىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەمە-
لىيەتتە قۇماندان، مۇئاۋىن قۇماندان دەپ نامىلا بار ئىدى.
شىمالىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق جۇنجاڭ بېچىڭ، بىرىگادا باشلىقى
لۇشۇربىنلار، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىككى بىرىگادىنىڭ
باشلىقى جۇڭزۇيمىن، لى زۇتاڭلارنىڭ ھەممىسى خۇزۇڭنەن
بىۋاستە ئەۋەتكەنلەر ئىدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەركەز
ئارمىيىسىنىڭ تىزۋەنجاڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك
ئەسكەر يېتەكلەيدىغان كوماندىرلىرىنىڭ ھەممى-
سىنى خۇزۇڭنەن ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى. خۇزۇڭنەن كومپار-
تىيىگە قەتئىي قارشى ئىدى. شۇڭا تاۋسىيۇ ۋە جاۋشىگۇاڭلار
تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقان پەيت-
تە، بۇلار ناھايىتى زور توسالغۇ بولدى.

يەنە بىر ھەربىي سىستېما ما ئائىلىسىنىڭ قوشۇنى بو-
لۇپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 5 - ئاتلىق جۈننىڭ باشلىقى ما-
چىڭشياڭ - مابۇفاڭنىڭ يېقىن جەمەتى ئىدى. بۇ قوشۇن-ئىس-
لام مۇرىتلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان فېئودال ھەربىي گۇرۇھ
بولۇپ، ھەممىدە مابۇفاڭغا بويسۇناتتى. ئۇلار تاۋسىيۇ، جاۋ-

شىڭگۇاڭلار بىلەن ئەدەب-قائىدە يۈزىسىدىن تەۋەلىك مۇ-
ناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە بۇلار مۇتىنچ-
لىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ بىر يوشۇرۇن ئاپىتى ئىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا ئاسۇدىكى ئەمەلدار سىيىت ئۆمەر داموللا
قاتارلىقلار مۇتىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشىلىشىش
پوزىتسىيىسىدە ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام زات-
لاردىن فانتۇركىست مەسئۇد، مەھەممەت ئىمىن، ئەيسا قا-
تارلىقلار ھەممىدە ئوبدان، جانىمقان، يولۋاسلار ۋەكىللىكىدى-
كى يەرلىك فېئودال-جاھىللار گۇرۇھىمۇ ئۆزلۈكسىز ھالدا
مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى
داۋالغۇتماقتا ئىدى. شۇڭا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقى-
قەتكە قايتىش ئالدىدىكى ۋەزىيىتى ئارمىيە ئىچىدە مەزھەپ-
چىلىك كەسكىنلەشكەن، مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن مۇ-
رەككەپلەشكەن ۋەزىيەت بولغاچقا، گېنېرال تاۋشىيۇ، جاۋ-
شىڭگۇاڭلار ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى.

## شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش ئۈچۈن يول تۈزلەش

جاۋشىڭگۇاڭ — ئەسكەرلىكتىن-گېنېراللىققىچە ئۆسكەن بول-
غاچقا، ئىزچىل ھالدا جاپاغا چىداپ ئىشلەيتتى، ھەر ۋاقىت
سېپىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق ئىدى.
تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا بولۇپ، تاماكا چەكمەيتتى، ھاراق
ئىچمەيتتى. كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئەمەلدار-
لىق كىبىرى يوق ئىدى. شۇڭا، كوماندىر-جەڭچىلەر ئۇنى
بەكمۇ ئىززەتلەيتتى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كو-

ماندىر - جەڭچىلەرىنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ ئابرويى ھەممىدىن
ئۈستۈن تۇراتتى.

جاۋشىڭگۇاڭ يۈننەندىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان-
دا، باش قوماندان جۇدې بىلەن تونۇشقانىدى. باش قومان-
دان جۇدې بىرىنگادا باشلىقى بولغان چاغدا جاۋشىڭگۇاڭ مۇشۇ
بىرىنگادىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ باش قوماندان جۇدېنىڭ
يۈەنشىكەيگە قارشى تۇرۇش، دۆلەتنى قوغداشتىكى ھەققانى-
يەتچىلىكىگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. 1940 - يىلى. جاۋ-
شىڭگۇاڭ قوشۇن باشلاپ خۇاڭخې دەرياسىنى قوغداشتا، لىك
تۇڭ دەرياسىنى مۇداپىئە قىلىشقا قوماندانلىق قىلىشتا. لو-
ياڭغا بېرىپ باش قوماندان جۇدې بىلەن كۆرۈشكەن. باش قو-
ماندان جۇدې جاۋشىڭگۇاڭغا ئىلھام بېرىپ: — گومىنداڭ بى-
لەن كومپارتىيە ھەمكارلىشىپ ياپونغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش
كېرەك. سەن ۋىلايىتىڭنىڭ ئۆچىنى سىرتقا قارىتىشىڭ لازىم.
جياڭجيېشىنىڭ مەخپىي بۇيرۇقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بىزنىڭ
8 - ئارمىيە بىلەن سۈركىلىش قىلماي، جۇڭخۇا مىللەتلىرى-
نىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇشتا خىزمەت كۆر-
سىتىشىڭ لازىم، دېگەن. جاۋشىڭگۇاڭ باش قوماندان جۇدېنىڭ
بۇ يولىيورۇقىنى قەلبىدە چىڭ ساقلىغان. ئۇ چاغدا، گېنېرال
جاۋشىڭگۇاڭ 8 - ئارمىيىنىڭ ھەربىي ئىنتىزامىنىڭ قاتتىق ئى-
كەنلىكىنى، كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ بىردەكلىكىنى، ئارمىيە
بىلەن خەلقنىڭ بىردەكلىكىنى، ئارمىيىنىڭ خەلقنى سۆيىدى-
غانلىقى، خەلقنىڭ ئارمىيىنى سۆيىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بى-

قىلغانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن. كېيىن ئۇ، گومىنداڭ 8- ئۇرۇش رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندە، ئۆز قارىمىقىدىكى قوشۇنلارغا: «8- ئارمىيىنىڭ دېموكراتىك ئىستىلى ياخشى ئىكەن. بىز ئۇنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بۇ ئارقىلىق قوشۇننى رەتكە سېلىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇشقا پايدا يەتكۈزۈشىمىز لازىم» دەپ دائىم تەشۋىق قىلغان.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جاڭجيېشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇنىڭ مۇنداق تەتۈر يول تۇتۇشىغا جاۋشىڭگۇاڭ چىن كۆڭلىدىن قارشى ئىدى. ئۇ، ۋەتەن، خەلقنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقى ۋە دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئاق تاشلىنىپ كەتكەنلىكىنى، پەقەت تىنچ مۇھىت بولغاندىلا ئاندىن ئۇرۇش قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەتلەرنى ساقايتقىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. 1949 - يىلى 2- ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاڭجياڭ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. غەربىي شىمالدىكى جەڭ مەيدانلىرىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىمۇ ھەدەپ ئارقىغا چېكىنىۋاتاتتى. قەدىمكى شەھەر — شىئەن ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان بولۇپ، خۇزۇڭنەن، ما بۇفاڭلار ھەيپگەكەر يۆتكەپ شىئەننى — قىلاپ قېلىش ئۈچۈن جان تالىشىۋاتاتتى. بۇ چاغدا نەنجىڭ دائىرىلىرىنىڭ مۇۋەققەت زۇڭتۇڭى لى زۇڭرېن «بۇ ھالاكەتتىن [illegible] ئۈچۈن» تاي[illegible] [illegible] چېگرا قوم[illegible] داشقا [illegible] [illegible] يۆتكەپ [illegible]

رۇق چۈشۈردى . گېنېرال تاۋسىيۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، مەخپىي تېلېگرامما ئارقىلىق جاۋشىڭۋاڭنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چاقىرتتى.

بۇ چاغدا باش شىتابتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەربىي باشلىقلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك يىغىنى چاقىرىلدى. تاۋسىيۇ لىزوڭرېننىڭ تېلېگرامما بۇيرۇقىنى يىغىنغا قاتناشقان جۇڭگودا باشلىقلىرىغا بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى . ئاندىن كېيىن كوماندىرلارنى ھەربىي قىسىملارنىڭ ئىچكىرىگە قايتىش مەسىلىسى ھەققىدە مۇزاكىرىگە سالدى. تاۋسىيۇ بىلەن جاۋشىڭۋاڭ يىغىن كۈن تەرتىپىنى مۇزاكىرىلەشكەندە ، مۇشۇ يىغىندىن پايدىلىنىپ ، ھەر قايسى قىسىملاردىكى باشلىقلارنىڭ رايىنى سىناپ كۆرۈپ ئاندىن شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى ئويلاشقانىدى. مۇزاكىرىدە ئالدى بىلەن سۆز باشلىغىنى شىمالىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ى- ئاتلىق جۇزنىڭ باشلىقى ماچېڭشىياڭ بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غەربىي شىمالدا مىڭبىر جاپالار بىلەن قۇرۇپ چىققان ما ئائىلىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئازادلىق ئارمىيە تەرىپىدىن قاتتىق زەربە يېگەنلىكىنى ، ئەگەر ئۆز قىسىملىرىنى ئىچكىرىگە يۆتكەپ كەتمىسە ، غەربىي شىمالنىڭ دەرۋازىسى بولغان لەنجۇنىڭمۇ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ئۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى جېنىنىڭ بېرىچە تەلەپ قىلدى . سۆزلىگەنلەرنىڭ يەنە بىرسى 179-بىرىگادا باشلىقى لوشۇرېن بولدى. ئۇ: «دۆلەتنىڭ كۈللەپ روناق تېپىشىدا ھەممىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز بار . مەن مۇۋەققەت زوڭتۇڭ لى زوڭرېننىڭ بۇيرۇقىغا قەتئىي بويسۇ-

ۇپ، پەرقە دۆلەتنىڭ ئىت-مۈشۈكى بولۇشقا رازىمەن» دەپ
يۇقىرى مۇقام تۇتۇلدى. بەزى كوماندىرلار ئىچكىرىگە قاي-
تىپ كېتىشنى خالىمايتتى. ئۇلار نۇرغۇن سەۋەب كۆرسەتتى.
گېنېرال جاۋشىڭۋاڭ بەزىلەرنىڭ كېتەمەن دېگەن، بەزىلەر-
نىڭ كەتمەيمىز دېگەن تالاش-تارتىشلىرىنىڭ تۈگىمەيدى-
غانلىقىنى كۆرۈپ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنداق دېدى: «مەن-
جاۋشىڭۋاڭ قەتئىي كەتمەيمەن. بىر بۇيرۇق بىلەنلا قوشۇن-
لارنى يۆتكەش - نەدىمۇ مۇنداق ئاسان بولسۇن؟ تارىخقا
قارايدىغان بولساق، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى چېرىك ۋە ئىقتىدار-
سىز بولغاچقا، چېگرا رايون خەلقىنىڭ ئۆلەر-تىرىلىشىگە
قارىمىدى، چېگرا بىرلىمۇ ئۇنى قوغدىمىدى. نەتىجىدە، ئەن-
گلىيە جاھانگىرلىكى ۋە چار پادىشاھى شىنجاڭنىڭ ئاز بول-
مىغان جايلىرىنى يالماۋالدى. 19 - ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا
ياقۇپ بەگ جاھانگىرلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئازغىنا ئەس-
كەر كۈچى بىلەن كاۋاكتىن پايدىلىنىپ كىرىپ، قەشقەرنى،
ھەتتا شىنجاڭدىكى كۆپ رايونلارنى ئىگىلەپ، مۇستەقىل پا-
دىشاھلىق قۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن زوزۇڭتاڭنىڭ تىرىشچان-
لىق كۆرسىتىشى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللى-
شى ئارقىسىدا، مەنچىڭ ئارمىيىسى ياقۇپ بەگنى يوقىتىپ، شىن-
جاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىن باشقا جايلىرىنىڭ ھەممىسىنى قاي-
تۇرۇپ ئالدى. شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، جا-
ھانگىرلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن قەشقەردە ئاتالمىش «شەر-
قىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغان. بۇ تارىخىي
ساۋاقلار يادىمىزدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ مۇۋەققەت زۇڭتۇڭ لى-
زۇڭرېن چېگرىنى قوغداشقا بىرلا بىرىگادا قويۇشىمىزنى تې-

لېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇپتۇ. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، يەر شارائىتى مۇرەككەپ، قاتنىشى قۇلايسىز بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ-رۇش قىلىشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدۇق. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى — ئەگەر بىز قوشۇنلىرىمىزنى شىنجاڭدىن ئېلىپ چىـ-قىپ كەتسەك، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل دىيار جەزمەن چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ چاغدا، بىز ھەربى-لەر ئەبەدىي گۇناھكارلاردىن بولۇپ قالىمىز. بىز ھەربى-لەرنىڭ يۇرتنى قوغداش مەسئۇلىيىتىمىز بار. بىز ئەشۇ يىللار-دىكى زوزۇڭتاڭنى ئۈلگە قىلىپ، چېگرىنى ۋە دۆلەتنى قوغدىشىمىز لازىم.» جاۋشىگۇاڭنىڭ بۇ سۆزلىرى كېتىشنى خالىمايدىغانلار-نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. يىغىندا ھەممە ئادەم ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، پىكىرلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قىيىن بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا كۆپچىلىك گېنېرال تاۋسىيۇ بىلەن گې-نېرال جاۋشىگۇاڭلارنىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى بەلگىلىدى. گېنې-رال تاۋسىيۇ جاۋشىگۇاڭنى ئالاھىدە مەدھىيىلىدى. كېيىن ئۇ: «جاۋشىگۇاڭنى خېلى ئىشەنچىلىك سەپەرداشىم بولالايدىكەن، دەپ قارىدىم» دېدى.

## ھەربىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان دېموكراتىك كۇرس

جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ 4 بىرىگادا ئەسكىرى كۈچى بار ئىدى. بۇ 4 بىرىگادىنىڭ ئىچكى قىسمىدا گەرچە مەزھەپچىلىك كۆرۈنۈشى بولسىمۇ، لېكىن جاۋشىگۇاڭ ئۆزىنىڭ نەچچە 10 يىللىق ئارمىيە باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە تايىنىپ، تۈرلۈك ئۇسۇل - چارىلارنى قوللىنىپ، قىسىملارنى تۇراقلاش-

تۇردى. ئۇ، كىشىلەرگە ئادىل، مۇناسىۋەتتە سەمىمىي، سالماق، كىبىرسى يوق. تالاش-تارتىش بولۇپ قالسا، ئايان ئاچچىقلانمايدىغان، ئەسكەرلەرنى ئاكا-ئۇكا قېرىنداشلاردەك كۆرىدىغان بولغاچقا، كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە ئىدى. كۆپ يىل ئۇنىڭ يېنىدا ئەگىشىپ يۈرگەن مۇھاپىزەتچى ئەمەلدار خۇاڭ ۋېنجې ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «جۇن باشلىقىمىز جاڭ شىگۇاڭ ئارمىيىنى ئىدارە قىلىشتا گەرچە قاتتىق قول بولسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدىكىلەرنى ۋە ئەسكەرلەرنى ناھايىتى ئاياتتى. گېنېرال جاڭ شىگۇاڭنىڭ دېموكراتىك ئىستىلى بىزنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ خىزمىتى ئالدىراش چاغلاردىمۇ، ئەسكەرلەرنى دائىم ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ كېلىپ ئايالى سەي لىڭگە بىرقانچە خىل سەي قورۇتۇپ ئۇلار بىلەن غىزالىنىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىرقېتىم ئىچكىرىدىن قوبۇل قىلىنىپ كەلگەن بىر يېڭى ئەسكەرنى ئىسمىنى ئاتاپ ئۆز ئۆيىگە تاماققا چاقىردى. ئۇ ئەسكەر تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ گېنېرال جاڭ شىگۇاڭغا «گېنېرال ئالىيلىرى، سىز بىزگە خۇددى ئاتا-ئانىمىزدەك كۆيۈندىڭىز، بۇدىن كېيىن قوشۇندىكى بۇرادەرلەرنىڭ ئارىسىدا قانداق ئەھۋال بولسا، كوماندىرلار بىزنى ئۇرۇپ، تىللايدىغان بولسا، چوقۇم كاللام كېتىشتىن قورقماي سىزگە مەلۇم قىلىمەن» دېگەن! گېنېرال جاڭ شىگۇاڭ دائىم دېگۈدەك پۇقراچە كېيىنىپ كوچا ئارىلاپ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى. قەشقەردىكى ھەر مىللەت يۇقىرى قاتلام مەشھۇر كىشىلەر ۋە دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. ئۇ، يۈكسەك ئابرويى بىلەن ئارمىيە ئىچىۋە سىرتىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى.

گېنېرال جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمە
باشلىقلىقى نامى بىلەن ئازاد رايونلاردىن ئازادلىق ئار-
مىيىسىنىڭ 3 چوڭ دېموكراتىيىسىنى يولغا قويغانلىق توغرى-
سىدىكى تۈگىنىش ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ، بۇ
ماتېرىياللارنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.
جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شىتابىنىڭ نامىدا
بىر دېموكراتىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى قارار قىلىپ،
ھەر بىر لىيەندىن بىردىن ئىككىگىچە مۇنەۋۋەر ئەسكەر تال-
لاپ كۇرسقا قاتناشتۇرۇپ، ئۆزى دەرس ئۆتتى. كۇرس قەشقەر
كونىشەھەرنىڭ لەڭگەر يېزىسىدا ئېچىلدى. ئۇ يەر ئەسلىدە
قەشقەرگە ۋالىي بولغان مافۇشىنىڭ داچىسى بولۇپ، مەنزى-
رىسى گۈزەل بولغاچقا «ما ئائىلىسىنىڭ گۈللۈك باغچىسى» دەپ
ئاتىلاتتى.

كۇرس ئىككى ئوتتۇرا ئەترەتكە بۆلۈندى. گېنېرال جاۋ-
شىگۇاڭ مۇدىرلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. جۇن شىتابىغا
قاراشلىق ئالاھىدە خىزمەت ئۆتەش يىگىنىنىڭ باشلىقى (ئىلى-
گىرى مۇئاۋىن باشلىق ئىدى) خۇاڭ ۋېنجى، سىياسىي خىزمەت
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خې يىتۇڭ، ئىش بېجىرگۈچىسى يەن ۋاڭ،
مۇستەقىل تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى يۈفېڭشىن، قەش-
قەردە تۇرۇشلۇق 9 - بىرىگادىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تىڭ-
يىلىڭ، سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ئوۋياڭ شىيەن-
يىلىڭ قاتارلىقلارنى يۆتكەپ كېلىپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا
مۇئاۋىن مۇدىر، ئەترەت باشلىقى ۋە يېتەكچىلىككە بەل-
گىلىدى.

بىر قېتىم، گېنېرال جاۋشىگۇاڭ كۇرسانتلارغا كۆرسەتمە
بېرىپ مۇنداق دېدى: «ھازىر، بىزنىڭ قوشۇنىمىز يىراق
چېگرا قورغىنىدا تۇرۇۋاتىدۇ. خەلق ئۈچۈن چېگرا قوغداش،
بىز ھەربىلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتىمىز. ئىچكى ئۇرۇش
بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتى قىل ئۇستى-
دە تۇرۇۋاتىدۇ. بىز دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ
تەرەققىياتىغا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىشىمىز، ھوشيارلىقىمىز-
نى ئۆستۈرۈپ، چېگرا قورغىنىنى قوغدىشىمىز، كوماندىر-
جەڭچىلەرنى بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كۆز ئالدىمىزدىكى جاپا-
مۇشەققەتكە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم. ئۇنداق قىلمى-
ساق بىز ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز. ئە-
گەر دۆلەت ئىچىدىكى ئۇرۇش بىزگە پايدىسىز بولۇپ قالسا،
خۇددى يىلتىزى يوق ئوت-چۆپتەك بولۇپ قالىمىز-دە،
ئۆلۈكىمىزنى سىغۇرغىدەك كاماۋ تاپالماي قالىمىز.
شۇڭا بىز دۆلەت ۋە مىللەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، چىن
دىلىمىز بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشى-
مىز لازىم.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ھەربىي قىسىملاردا ئە-
كەرلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئاساس. ئىگىلىشىمچە،
بەزى قىسىملار يەككە ھالدا نوقۇل مۇداپىئەدە تۇرغاچقا،
كوماندىرلار جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كارى بولمىغان.
ئۇلار ھەربىي تەمىناتنى تۇتۇۋېلىپ، خىيانەت قىلىپ چىرىك-
لەشكەن. يەپ-ئىچىپ، پاھىشە قىلىپ، قىمار ئويناپ قىلمىغان
ئەسكىلىكلىرى قالمىغان. ئۇلار ئەمەلىنى ئۆستۈرۈش، باي-
لىق توپلاش بىلەنلا بولۇپ كەتكەن. ئەگەر
بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا قانداق قىلىسىلەر؟

كوماندىرلار جەڭچىلەرنى خالىغانچە ئۇرۇشقا،
تىللاشقا بولمايدۇ. سىلەر قايتقاندىن كېيىن، باشلىقلىرىڭلار-
غا ئېيتىڭلار. بۇ مېنىڭ بۇيرۇقۇم. سىلەر قىسمىغا قايتقاندىن
كېيىن تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئەھۋالىنى ئالدى بىلەن بۇرا-
دەرلىرىڭلارغا يەتكۈزۈڭلار. ئەگەر باشلىقلىرىڭلارنىڭ قائىدىگە
خىلاپلىق قىلغان ھەرىكەتلىرىنى سەزسەڭلار ماڭا بىۋاستە خەت
يازساڭلار بولىدۇ. مەن ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا كاپالەت-
لىك قىلىمەن.»

كۇرستا گېنېرال جاۋشىڭۋاڭ كۇرسانتلار بىلەن تاماق،
ياتاق ۋە كۆڭۈل ئېچىشتا بىرگە بولدى. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن
ئۇنىڭ ئەسكەرلەر بىلەن كۈلۈشۈپ، ئوينىشىپ يۈرگەنلىكىنى
كۆرگىلى بولاتتى. مۇنداق ئوچۇق - يورۇق ئىتتىل كوماندان-
نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردا ناھايىتى كەم ئۇچ-
رايتتى.

دېموكراتىك كۇرس 3 ئايدىن كۆپرەك داۋام قىلدى.
قىسىملارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇشىدا يېڭى كەيپىياتلار بار-
لىققا كېلىپ تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇ يەردە مۇنداق بىر
مىسال بار: يەنە كۇرسانتلارنىڭ ئىچىدە جۇن شىتابى توپچى
قىسىملار لىيەنىگە قاراشلىق بىر بەننىڭ بەنجاڭى بولۇپ،
قوشۇنغا قايتقاندىن كېيىن، جاۋشىڭۋاڭغا لىيەنجاڭ كۆرۈي-
نىڭ ئەسكەرلەرنىڭ بەتىنىنى تارتىپ بەرمىگەنلىكى،
ئات بوغۇزى ۋە قىغلارنى سېتىپ ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سالغان-
لىقىنى ئىنكاس قىلىدۇ. گېنېرال جاۋشىڭۋاڭ دەرھاللا خې خەي-
تۈگنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ. ئەھۋال پۈتۈنلەي راست چىققا-
دۇ. لىيەنجاڭمۇ ئىقرار قىلىدۇ. گېنېرال جاۋشىڭۋاڭ ھەربىي

-مەت باشقارمىسىغا گۇرۇپنى قولغا ئېلىپ جازالاشنى بۇيرۇپ-
-دۇ. بۇ ئىش پۈتۈن جۇڭ بويىچە زور تەسىر قوزغايدۇ.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گېنېرال تاۋسىيۇ پۈتۈن ئارمىيىگە تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلغان چاغدا، 42 - جۇڭدىكى ئايرىم كوماندىرلار قارشى مەيداندا تۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى ئالداپ، بىر لىيەننىڭ قوراللىنى ئېلىپ ئاسىيلىق قىلىپ ئاشقۇرغان ئارقىلىق چېگرىدىن قاچماقچى بولىدۇ. بۇ لىيەندىن كېلىپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن بىر ئەسكەر لىيەن جاڭنىڭ قوشۇننى باشلاپ دۆلەت چېگرىسىغا قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، قوشۇندىن ئۇستىلىق بىلەن ئايرىلىپ كېچىچە يول يۈرۈپ جاۋشىڭگۇاڭ تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. گېنېرال جاۋشىڭگۇاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ھەرىكەت قوللىنىپ، قەشقەردە تۇرۇشلۇق 9 - ئاتلىق بىرىگادا باشلىقى ماپىڭلىنغا تېزدىن قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان قوشۇننى توسۇش مەقسىدە تېلېفوندا بۇيرۇق بېرىدۇ. ماپىڭلىن بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ياراملىق كوماندىر جاڭ شياۋنىڭ باشلامچىلىقىدا قوراللىق ئاتلىق قوشۇن چىقىرىپ ئاسىيلىق قىلغان قوشۇننى تېزلىكتىلا قايتۇرۇپ ئەكېلىپ ئۇلارنى نەزەربەنت قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئالدىدىكى قەشقەر قارىماققا تىپتىنچ كۆرۈنسىمۇ، لېكىن، ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۈرلۈك سۆز-ھەرىكەتلەر دائىم بولۇپ تۇراتتى. گېنېرال جاۋشىڭگۇاڭ گارنىزون قىسىملىرىغا كېچە - كۈندۈز ھەربىي ھالەتتە تۇرۇپ قەشقەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، قەشقەر خەلقىنىڭ

ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى شەھەرگە يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

## ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش

خۇدىخەي ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى لىغىشىپ قالدى. تاۋسېيۇ بىلەن جاۋشىگۇاڭ ئىككى گېنېرال ئارقىغا سۈرەش چارىسىنى قوللىنىپ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى ئىچكىرىگە تەكىرمىدى. «بۇيرۇققا تابىل تۇرۇش» ئۈچۈن ئۇلار نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن پۇل ۋە ئاپتوموبىللارغا ماي تەلەپ قىلدى. چىقىم خام چوتىنى كۆپەيتىپ مەلۇم قىلدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن خۇزۇڭنەن 1949 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا ئايلىق تارقاتمىغانىدى. ھەربىي راسخوت نامىدا پېرېۋوت قىلىنغان بىر مىليون يۈەن غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىگە كەلگەندە، 200 مىڭ يۈەنى يېگەندىن تەمەلدە بولغان ماۋۇفاڭ تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىندى. بۇ قەغەز پۇللارنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقى ئۇنىڭدىن بىزار ئىدى. ئۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر تارقىلىپ كەتكەنىدى:

«ئاسماندا ئايروپىلان گۈگىرىسە (قەغەز پۇل توشۇيدىغان ئايروپىلان) يەردە باھا ئۆرلەيدۇ.

كۆتۈرۈپ يۈرگەن بىر مۇنچە پۇلۇڭغا، بازاردا ھېچنەرسە كەلمەيدۇ.»

شۇڭا خەلقلەر ماددى نەرسىلەرنى ئۆز ئارا ئالماشتۇراتتى. گېنېرال جاۋشىگۇاڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 40 مىڭدىن ئارتۇق ھەربىگە قوماندانلىق قىلاتتى. قولىدا پۇل بولمىغىنى ئۈچۈن قىسىملارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا قالدى. كونا جۇڭگونىڭ بىر جۈملە سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ئەسكەرگە ئاشلىق كېرەك» ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ يەيدىغان ئاشلىقى بولمىسا خاتىرجەملىك بولمايدۇ. خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاش ئىشلىرىمۇ كۆرۈلۈش مۇمكىن. بۇ خىل ۋەزىيەتكە قارىتا گېنېرال جاۋشىگۇاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇلدۇرۇپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتمەكچى بولدى. ئۇ مەسلىھەتچىلەرگە مۇنداق دېدى: 1940 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە مەن قوشۇننى باشلاپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرق قىرغىقىنى ساقلاپ تۇرغان چاغدا، كومىنداڭ 8 - ئارمىيىگە ئاشلىق بەرمىدى، تەمىنلەيدىغان بارلىق ماددى ئەشيالارنى توختاتتى. لېكىن، 8-ئارمىيىنىڭ چارىسى بار ئىكەن. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇلدۇردى. بىز گەرچە 8 - ئارمىيە بولمىساقمۇ . لېكىن كومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىزگىمۇ خىراجەت بەرمىدى. ئۇنداقتا بىز ئاچ - زار يۈرەمدۇق؟ بىزمۇ خەقنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قۇتقۇلدۇرۇشىمىز لازىم. گېنېرال جاۋشىگۇاڭ قوشۇنغا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ بوز يەر ئېچىپ ئاشلىق، كۆكتات تېرىدى، كان ئاچتى. ئەشۇ چاغلاردا گېنېرال جاۋشىگۇاڭنىڭ قول ئاستىدىكى خەۋەرچىلەر

يىگىنىنىڭ باشلىقى مىن جېچيەنىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، گې-
نېرال جاۋشىگۋاڭ ئۇنى ئىككى لېيەننى باشلاپ يېڭىشەھەر-
نىڭ سوخۇ جاڭگىلىغا (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 3 - شىبىنىڭ 41 -
تۇەنى) 400 مو بوز يەر ئېچىشقا ئەۋەتتى. شۇ يىلى ئاشلىق
تېرىلغان. شۇ يىلى ئۆزى تېرىغان ئاشلىقلار شۇ يىلى ئۆزلە-
رىنىڭ يېيىشىگە ئۇلگۈردى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي تە-
مىنات تارقاتمىسلىقى بىلەن گېنېرال جاۋشىگۋاڭ يىغىلىپ چۈشىدى.

## يورۇقلۇقنى كۈتۈۋېلىش

گېنېرال جاۋشىگۋاڭ غەربىي شىمالدىكى ئۇرۇشنىڭ تە-
رەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ، غەربىي شىمالدا نەچ-
چە ئون يىل ياشىغاچقا شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي
ئۆلكىلىرىنىڭ ھەممە يېرىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇ، جۇن
شىتابى مەسلىھەتچىلەر ئىككىنچى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شۇ-
پۇلياڭنىڭ ئاخباراتىدىن خۇزۇڭنەننىڭ مىڭبىر جاپادا قۇرۇپ
چىققان شىئەن چوڭ ھەربىي لاگېرىنىڭ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ
قولىغا چۈشكەنلىكى، خۇزۇڭنەننىڭ قالدۇق قوشۇنىنى باشلاپ
شەنشىنىڭ خەنجۇڭ رايونىغا قېچىپ كەتكەنلىكى، شەرقىي گەن-
سۇ ئۇرۇشىدا مابۇفاڭ، مافۇڭكۈيلەرنىڭ مۇداپىئەسىمۇ غەر-
بىي شىمال دالا ئارمىيىسى تەرىپىدىن يېمىرىپ تاشلانغانلىقى،
ئىككى مانىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا دەپسەندە قىلىنغان خەلق-
نىڭ ئازادلىققا چىققانلىقى، پۈتكۈل غەربىي شىمالنىڭ ئا-
زاد بولۇشىغا ئۇزۇن ۋاقىت قالمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.
1949 - يىلى ئاۋغۇستىنىڭ بىر كۈنى، گېنېرال جاۋشى-
گۋاڭ يىڭدىن يوقىرى ھەربىي ئەمەلدارلارنى يىغىپ پەندى-

نەسىھەت قىلدى. غەربىي شىمال ئۇرۇش مەيدانىدا كوماندانلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەدەپ مەغلۇپ بولغان ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە ھەرقايسى قىسىملاردىن ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىپ تاسادىپىي ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. دەل شۇ چاغدا، تۇساتتىن گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ ئۆزى دەرھال يولغا چىقىپ تېزلىكتە قارا شەھەرگە يېتىپ كېلىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈش لازىملىقى، چوڭ ئۆزگىرىش پىلانىنى مەسلىھەتلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا مەخپىي تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالدى. گېنېرال جاۋشىڭۋاڭ دەرھاللا جۇڭ شىبتابى ئالاھىدە خىزمەت يېتىشىنىڭ باشلىقى خۇۋاڭ ۋېنجىڭگە بىر پەي تورالىلىق ئەسكەر ۋە قوغۇن-تاۋۇز، ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىپ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ دەرھال يولغا چىقىشقا بۇيرۇق قىلدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى قەشقەر — قارا شەھەر تاشيولى شېغىللىق، ئېگىز-پەس، ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولۇپ، خۇددى كىر يۇيۇش تاختىسىغىلا ئوخشايتتى. ئاپتوموبىل قاتتىق سىلكىنەتتى. بۇ 1000 كىلومېتىرلىق مۇساپە بولۇپ، يەتتە كۈندە ئاران يېتىپ بارغىلى بولاتتى.

گېنېرال جاۋشىڭزاڭ بۇ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ كېچە-كۈندۈز يول يۈردى. يول بويىدىكى بىكەتلەردىمۇ توختىمىدى. بەك ئۇيقىسى كېلىپ كەتكەندە كۆرپىسىنى سايغا يېيىپ دالىدىلا ئازراق ئارام ئېلىپ، قەشقەردىن قاراشەھەرگە ئۈچ كۈندىلا يېتىپ باردى.

3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گېنېرال تاۋسىيۇ قىسىملارنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى تەكشۈرۈش نامى بىلەن قارا

شەھەرگە كەلگەنىدى. ئۇ، گېنېرال جاۋشىڭگۇاڭنى چاقىرتىپ ھەقىقەتكە قايتىش پىلانى ئۈستىدە مەخپىي سۆھبەتلەشمەكچى بولدى. باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش، ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرىدىغان شىمالىي شىنجاڭدىكى ماچىڭ شياڭ، يې چېڭ، لۇشۇرېن قاتارلىقلارغا تۇيدۇرماسلىق ئۈچۈن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خاۋجىياجۈن، باش شىتاب سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لىيياڭ كېڭۇنلارنى قارا شەھەرگە ئالدىن بېرىپ ساقلاپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

گېنېرال جاۋشىڭگۇاڭ قارا شەھەرگە بېرىپ گېنېرال تاۋسىيۇ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن. كۈندۈزى ئارقا سەپ خىزمىتى بويىچە ئۇرۇش تەييارلىق يىغىنىنى ئاچقاندەك قىلغان بىلەن ئاخشىمى ئىككىيلەن بىر ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئىچ باغرىنى تۆكۈشۈپ، سۆزلەشمىگەنلىرى قالمىدى.

گېنېرال جاۋشىڭگۇاڭ گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ كۆڭلىدىكى خىياللىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ھوشيارلىقنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. ئۇ قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق 128- بىرىگادا كوماندىرى جۇڭ زويىنىڭ يې چېڭنىڭ يېقىن كىشىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئالاھىدە خىزمەت يىگىنىنىڭ باشلىقى خۇاڭ ۋېنجېڭگە ئاخشاملىرى ئۆزى دىژۇرنىلىق قىلىپ تاۋسىيۇنىڭ تۇرالغۇ جايىنى ساقلىشىنى، قاراۋۇللۇقىنى كۈچەيتىشنى، جۇڭزويىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنىڭ تاۋسىيۇنىڭ ياتىقىغا يېقىنلىشىشقا يول قويماسلىقىنى تاپىلىدى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، جۇڭزويىن ئۆزى يالغۇز ئوغۇرلۇقچە تاۋسىيۇ بىلەن جاۋشىڭگۇاڭنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىغا كې-

لىدۇ. خۇاڭ ۋېنجې ئۇنى تونۇۋالدۇ. جۇڭزۇيىن باھانە كۆر-
سىتىپ: قوماندان ئالىيلىرىنىڭ ياتىقىدا چىراق يېنىپ تۇ-
رۇپتىكەن، مەن قوماندان ئالىيلىرىنى بالدۇرراق ئارام ئالسا
دېمەكچى ئىدىم دەيدۇ. خۇاڭ ۋېنجې ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىش-
تىكى مەقسىتىنى بىلگەچكە «جانابلىرى قايتىپ كېتىپ ئارام
ئالسىلا، قوماندان ئالىيلىرى ئۆز ياتىقىدا كىتاب كۆرۈۋاتىدۇ.
مەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن» دەيدۇ. جۇڭزۇيىننىڭ
بۇ ھەرىكىتى تاۋسىيۇ بىلەن جاۋشىگۇاڭنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈر-
دى. ئۇلار ئاخشىمى چىراق ئۆچكەندىن كېيىن سۆھبەتلىشىدىغان
بولدى. گېنېرال تاۋسىيۇ چۈۋۈ بېيجىڭدىن ئېلىپ كەلگەن جاڭجىجۇڭ-
نىڭ ئويلىغان خىيالىلىرىنى جاۋشىگۇاڭغا ئېيتتى. جاڭجىجۇڭ بۇ ئىك-
كەيلەننىڭ پۇرسەت پىشىپ يەتكەندە قوشۇننى باشلاپ ھەقىقەتكە
قايتىشىنى ئېيتقانىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خۇەيخەي ئۇرۇشى-
دىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گۇاڭجۇغا كۆچۈشى شۈبھى-
سىز ھالدا تەلتۆكۈس گۇمران بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇ-
ڭا، ئەمدى جياڭ جيېشىنىڭ غالچىلىقىنى قىلىشقا بولمايتتى. ئا-
زادلىق ئارمىيىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى لەنجۇ شەھىرىگە يېقىنلىشىپ
قالغان، خېشى كارىدورى خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. ئازادلىق
ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭ دەرۋازىسىغا ئۇدۇل ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىگە
ئۇزاق ۋاقىت قالمىغانىدى. شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاش-
تۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بى-
خەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۆزلىرىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىش-
لىك بۇرچى ئىدى. گېنېرال جاۋشىگۇاڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن
گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ،
ھەقىقەتكە قايتىشنى ئىزچىللىق ئۇرۇنلاش ئۈچۈن جەنۇبىي-

يىنجاڭنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى، گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ مەخسۇس ھالدا شىمالىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا يىغىن ئۈستىدە مۇنداق قارارغا كەلدى: بىرىنچى، ئازادلىق ئارمىيە يېقىنلاشقاندا ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقىلىشىپ قوشۇننى تاپشۇرۇپ بېرىش. ئىككىنچى، قوشۇننى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قورال-ياراقنى تاشلاپ، كەتمەننى قولغا ئېلىش.

شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھاياجان ئىلكىدىلا بولۇپ كەلدى. چۈنكى جاۋشىگۇاڭنىڭ ئەڭ خاتىرجەم بولمىغىنى ماجېڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېنلار ئىدى. ئۇلارنى مەقسەتكە قايتىشقا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى.

قارا شەھەردىكى يىغىنىنىڭ ھەرقايسى قىسىملارغا ئۇقتۇرۇلمىغانلىقى بۇ ئۈچ كىشىدە جەزمەن گۇمان تۇغدۇراتتى. كېيىن ماجېڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېنلار ئۇرۇمچىدىن قېچىپ قارا شەھەردىن ئۆتىدىغان چاغدا يې چېڭ جوڭزۇيىنغا ئاچچىقلاپ: «ھۇ، قاپاقباش، خەقلەر بىرىنگادا شىتتا بىلگىدا يىغىن ئاچسا، سەن ھاكىمىيىتىنىڭ بىزگە خەۋەرمۇ قىلماي قويىمىغانلىقىڭنى قارىسا مەدىغان» دېگەن. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ تاۋسىيۇ بىلەن جاۋشىگۇاڭنىڭ قارا شەھەردە كۆرۈشكەنلىكىنى، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىنى بىلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## ۋابا ئىلاھىنى ئۇزۇتۇپ، ئازادلىقنى كۈتۈۋېلىش

ئاۋغۇست كۈنلىرى، قەدىمكى شەھەر قەشقەر قۇياش نۇرىدا تولىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. 8-ئاينىڭ 26-كۈنى،

لەنجۇ ئازات قىلىندى. گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ ئازادلىق ئارمىيە-
نىڭ شىنجاڭ دەرۋازىسىدا يېقىنلاپ قالغانلىقىدىن شىنجاڭنىڭ
تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىدىغانلىقىدىن ئۈمىد بارلىقىنى سې-
زىپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشاللىناتتى. ئۇ، گېنېرال تاۋ سىيۇنىڭ
ماۋجىزنى ۋە باش قوماندان جۇدېگە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قو-
شۇنلارنىڭ گوۋاڭجۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، زۇل-
مەتتىن تولۇپ يورۇقلۇققا چىقىپ، ۋەتەن - خەلقنىڭ قوينى-
غا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بالدۇرراق ئىزھار قىلىشنى كۈت-
مەكتە ئىدى. ئۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خەۋەرلىشىش، ئالاقىلى-
شىش خىزمىتىگە مەسئۇل قوماندانىنىڭ جىچىيەنگە خەۋەرلىشىش
ۋە ئالاقىلىشىشنى كۈندۈزى 24 سائەت راۋان قىلىش، ئۇرۇش-
چى باش قوماندانلىق شىتاب بىلەن ھەر ۋاقىت ئالاقىلىشىپ
تۇرۇش، تېلېگراممىلار كەلگەن ھامان ئۆزىگە يەتكۈزۈش توغ-
رىسىدا بۇيرۇق بەردى.

گېنېرال تاۋ سىيۇ ھەر كۈنى گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ بىلەن
ئاخبارات ئالماشتۇرۇپ تۇردى. بىر كۈنى، ئۇ چىڭخەيدىكى ئۇل-
كىنىڭ مەركىزى شىنىڭ شەھىرىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى، قو-
ماندان ۋاڭ جېننىڭ 2- ئاينى باشلاپ چىن لىيەنشەن تېغىدىن
ھالقىپ ئۆتۈپ جاڭيېنى ئالغانلىقىنى، 6- جۈننىڭ ئوساۋ-
لىڭ جوققىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ تىڭ كېلىدا قومۇلۇقنى بويلاپ
غەربكە يۈرۈش قىلىپ يىڭ جىڭنىڭ كىرگەنلىكىنى، 3-، 4- جۈن-
لەرنىڭ ۋە ئۇلارغا قاراشلىق دالا توپچىلار تۈۋەنى ئاپ-
تومۇبىل يىگىنىنىڭ گەنسۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ جيۇ-
چۈەنگە ئىلىمىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

جيۇچۈەن شەھىرى ئەمەلىيەتتە قايتقاندىن كېيىن، تاۋ سىيۇ

گېنېرال جاۋشىگوۋاڭغا ئۆز بىنىڭ 8-تەممىنات رايونىنىڭ قوماندانى
زېڭ چىڭ ۋۇنى، جىيۇچۇەن شەھرىگە بېرىپ دۇئاۋېن باش قوماندان
بىلىك دېخۇەي ۋە قوماندان ۋاكالەتچىلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەقى-
قەتكە قايتىش مەسىلىسىنى سۆزلىشىشكە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەت-
كەنلىكىنى تېلېگراممىدا ئارقىلىق خەۋەر قىلدى. 9-ئاينىڭ
21-كۈنى تاۋسېيۇ مەخپىي تېلېگراممىدا ئارقىلىق ماچېڭشياڭ،
لوشۇرېنلارنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ
ئارقىلىق ھىندىستانغا يول ئالغانلىقىنى، ئۇلارغا ئېتىبار بې-
رىپ يولغا سېلىۋېتىشنى ئېيتتى. 9-ئاينىڭ 24-كۈنى يېچىك
ھەربىي ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ ماچېڭشياڭ ۋە لوشۇرېنلارغا ئە-
گىشىپ ھىندىستانغا ماڭدى. گېنېرال جاۋشىگوۋاڭ بۇ خەۋەرلە-
رنى ئۇققاندىن كېيىن، شىتاب مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى 2-
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە 3-بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شۇپۇليانگنى
ئۇلارغا چېگرىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن يول خەرىتىسى ھازىرلاپ
بېرىشكە بۇيرىدى. يەنە كۈما، تاشقورغاندىكى ئىككى چېگرا
ئېغىزىدىكى چوڭ ئەترەت باشلىقلىرىغا ئۇلارنى قوغداپ چېگ-
رىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشكە ھازىرلىق قىلىپ
قويۇشنى ئۇقتۇردى.

[illegible]

[illegible]
نى ئېلان قىلدى ھەمدە ئارقىدىنلا «كوماندانلىقىنىڭ شىنجاڭدا
تورۇشلۇق قىسىملىرىدىكى كوماندىر، جەڭچىلەرگە مۇراجىئەتنا-
مە» نى ئاشكارا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى، كوماندانلىق-
نىڭ شىنجاڭدا تورۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىنىڭ
ئەھمىيىتى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى داۋاملىق ساقلاشتىكى

مەسئۇلىيەت سۆزلەنگەن. گېنېرال جاڭشىگۇاڭ تېلېگراممىنى
تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قەشقەردىكى لىيەندىن يۇقىرى
ھەربىي ئەمەلدارلارنى يىغىپ، تېلېگراممىنى ئوقۇپ بەردى.
ھەمدە مۇنداق 3 تۈرلۈك پەرمان چىقاردى:
1. قىسىمدىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەر قاتتىق تەيـ
يارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇش كېرەك. گازارما رايونىدىن چىقـ
قىپ كېتىشكە بولمايدۇ؛ 2. قاراۋۇل ۋە كۆزەتچىلەرنى كۈچەيـ
تىش، يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەردە ھەربىي ھالەت يۈرگۈـ
زۈش؛ 3. ئىككى شەھەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئوبدان ساقـ
لاش: ئارمىيىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر ئىچىدە كىمدە - كىم
خىلاپلىق قىلىدىكەن، ھەربىي قانۇن بويىچە جازاغا تارتىش.

بى چېڭ، ماچېڭشياڭ، لوشۇرېنلار ھەربىي ھوقۇقنى
تاپشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا
گېنېرال تاۋسىيۇدىن ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مال - مۈلۈكلىرىنى
ئالتۇن - كۈمۈشكە ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ
تۇرۇۋالدى. گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ خەزىنىسى قۇرۇغدۇلۇپ قالغانـ
لىقى ئۈچۈن ئىلاجسىز رەئىس بۇرھان شەھىدىدىن ياردەم
سورىدى. رەئىس بۇرھان شەھىدى شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن
خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت، زىيان-زەخمەتتىنى ئاز-تولا يەڭـ
گىللىتىش ئۈچۈن، ئۆلكە خەزىنىسىدىن ئۇلارغا بىر بۆلۈك
ئالتۇن - كۈمۈش ئاجرىتىپ بەردى. بى چېڭ، ماچېڭشياڭ،
لوشۇرېنلار قارا شەھەردىن ئۆتكەندە، قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق
128 - بىرگادىنىڭ كوماندىرى جوڭ زونيى قارا شەھەر دەرياسىـ
نىڭ كۆۋرۈكىنى ياساشقا بېرىلگەن راسخوتنىڭ
ھەممىسىنى ئېلىپ، ئۇچەيلەنگە ئەگىشىپ قېچىپ كەتتى. ئۇلار

ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندا ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق 65- بىرىگادىنىڭ
ھەقىقەتكە قايتقان كوماندىر - جەڭچىلىرى ئالدىنى توسىۋال-
دى. ھەقىقەتكە قايتقان كوماندىر - جەڭچىلەر ئۇلارنىڭ ئور-
غۇن ئالتۇن - كۈمۈش، خوتۇن بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ھىن-
دىستانغا قېچىپ بېرىپ، چەت ئەلدە ئازادە تۇرمۇش كەچۈر-
مەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەندى. بىرىگادا
ئىشتابىغا بىۋاستە قاراشلىق ئالاھىدە خىزمەت لىيەنى، ئالاقىچىلار
لىيەنى، يېنىك، ئېغىر پىلىموت يىڭلىرىدىكى بەزى بەنجاڭ، پەي-
جاڭلار ۋە ئەسكەرلەر ئالاقىلىشىپ، ئالاھىدە خىزمەت لىيەنىنى
تايانچ قىلىپ ئۆزلۈكىدىن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ يول تو-
سۇپ ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشنى تارتىۋالماقچى
بولۇشتى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پۈتكۈل بىرىگادا، گازارمىلار
تەۋرەپ كەتتى. لى زوتاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىسى رېلىك كولياگ-
نىڭ يى چېلىك بىلەن شەخسىي ئاداۋىتى بولغاچقا، ئۇنىڭغا قول
سالماقچى بولدى. يى چېلىك ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن بىرىگادا
شىتابىدىكى لى زوتاڭنىڭ كۈللۈك باغچىسىغا چۈشكەنىدى.
رېلىك كولياك يى چېلىك خالىغا چىققان چاغدا ئۇنىڭغا ئوق ئات-
تى. ئوق يى چېلىكنىڭ مۇرىسىگە تېگىپ مۇرىسىدىكى ئالتۇن
يۇلتۇزلۇق جۇڭجيا گىلىق پاگونىنى چۈشۈرۈۋەتتى. يى چېلىك
قورقۇنچىلىقتا لى زوتاڭنىڭ ياتىقىغا كىرىۋالدى. گازارمىنىڭ
كەيپىياتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئەسكەرلەر يارىقلىرى-
نى چىقىرىپ، يى چېلىك، ماچىڭشىيالڭ، لوشۇربىنلارنى مۇھاپىزەت
قىلىپ كەلگەن بىر قانچە نەپەر قوراللىق ئەسكەرلەر بىلەن
تىركىشىپ تۇراتتى، قىل ئۈستىدە تۇرغان پەيت ئىدى. يى
چېڭلار ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلسا پايدا ئالالمايدىغانلىقىنى

بېلىپ يەك ئىچىدە ئىش ئۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى ئالىپ ساقچى بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا ماچىڭشيالڭ ئوتتۇزىغا چىقىپ سۆزلەپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىقى ئۈچۈن بىر ئاز كۆمۈش تەڭگە قالدۇ- رۇشقا ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئازراق «يەم» قالدۇرۇپلا قەشقەرگە قاراپ تىمكۇدەتتى. يېڭى چېك، ماچىڭشيالڭ، لوشۇرېنلار قەشقەرگە كۈندۈزى كىرىشكە جۈرئەت قى- لالمىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ماشىنىسىنى ھەيدەپ يې- ڭى شەھەردىكى ئارمىيە شتابىغا كىردى. گېنېرال جاۋشىڭۋاڭ ئۇلارنىڭ «تىنچلىق بىلەن يېكىنىشكە» كاپالەتلىك قىلىش ئۈ- چۈن يەنىلا ئالاھىدە خىزمەت يىغىنىنىڭ باشلىقى خۇاڭ ۋېنجىگە مۇداپىئەنى كۆچەيتىشنى بۇيرىدى. يېڭى چېك بىر توخۇ يۈرەك نەرسە ئىدى. شۇڭا كۆڭلى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. ما- چىڭشيالڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەن يول خىراجىتىنى ئاق- سۇدىكى ئەسكەرلەرنىڭ بىر بۆلۈكىنى ئېلىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ چېگرىدىن چىقىۋالغىچە يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، گېنېرال جاۋشىڭۋاڭغا قايتا - قايتا يالۋۇردى. گېنېرال جاڭ شىڭۋاڭ ئۇلارنى بالدۇراق كەتكۈزۈۋېتىش، يوق يەردىن پۇتاق چىقىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ تۇرۇپ خۇاڭ ۋېنجىغا بىر قانچە يېشمەك تەڭگە ئەكەلدۈرۈپ ئۇلارغا بەرگەندىن كېيىنلا ئۇلار قەشقەردىن كەتمەكچى بولدى.

ئەتىسى، گېنېرال جاۋشىڭۋاڭ ئەدەپ - ئىكرام يۈزىسى- دىن شتابتىكى بىر قانچە مەسلىھەتچىلەرنى باشلاپ چىقىپ يېڭى چېك، ماچىڭشيالڭ، لوشۇرېنلارنى يېڭىشەھەردىن يولغا سېلىپ قويدى. بۇ جاننى ئالقىنىغا ئېلىپ قويغان رەسۋالار ئەڭ ئاخىرىدا قاغىلىق ناھىيىسى ئارقىلىق قېچىپ كەتتى.

## باش قوماندان جۇدېگە يوللانغان تېلېگرامما

9- ئاينىڭ 25- كۈنى گېنېرال جاۋشىگۇاڭ ئۈچۈن ئۆمرى-دە ئەبەدى ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى. بۇ كۈنى گېنېرال تاۋ-سىيۇ ئانچىلىقىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ماۋجۇشى-غا، باش قوماندان جۇدېگە، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيگە تېلېگرامما يوللاپ، ھەقىقەتەن قايتىلىغىنىنى ئېلان قىلىپ خەلقنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلار: بۈگۈندىن باش-لاپ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ، ماۋجۇ-شىنىڭ 8 تۈرلۈك تىنچلىق باياناتى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىمىز. پۈتۈن ئارمىيە ئۆز مۇداپىئە ئورنىمىزدا تۇرۇپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى ساق-لايمىز. خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ ۋە خەلق ئا-زادلىق ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈ-تىمىز، دەپ تەنتەنىلىك ئىپادە بىلدۈردى. بۇ، گېنېرال جاۋ-شىگۇاڭ ۋە باشقىلارنىڭ خەلق بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاب يولى-غا ماڭغانلىقىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇ، ماۋجۇشى، باش قومان-دان جۇدېنىڭ جاۋاب تېلېگراممىسىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈت-مەكتە ئىدى. 9- ئاينىڭ 28- كۈنى ماۋجۇشى ۋە باش قوماندان جۇدېدىن جاۋاب تېلېگرامما كەلدى. تېلېگراممىنى كۆرگەن-دىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرۇپ، كوماندىر - جەڭچىلەرنى دەرھال يىغىپ، بۇ تېلېگراممىنى ئەينەن ئوقۇپ بەردى. تېلېگرامما مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

**گېنېرال تاۋ سىيۇ ھەمدە سىزگە قاراشلىق قىسىملار-دىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە :**

رەئىس بۇرھان شەھىدى ۋە ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىكى خىز-

[illegible] :

سىلەرنىڭ 9 - ئاينىڭ 25 - ۋە 26 - كۈنلىرى ئەۋەتكەن تېلېگراممىلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق. بىز سىلەرنىڭ مەيدانىڭلارنى توغرا دەپ قارايمىز. سىلەر گۇاڭجۇ ئەكسىيەتچى قالدۇق ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيە لاگېرىغا ئۆتۈپ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىمىز. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى ۋە بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتىمىز، دەپ بايانات ئېلان قىلدىڭلار. بۇنداق پوزىتسىيەڭلەر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇ ئىستىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. سىلەرنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە يەرلىك تەرتىپنى ساقلاپ. ھازىر جىيايۈگۈەندىن چىقىشقا جابدۇنىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كونا تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز!

**ماۋزېدۇڭ، جۇدې.**

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، گېنېرال جاۋشىگۇاڭنىڭ قەلبى ئۆركەشلەپ، كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ كونا باشلىقى، قەدىردان باش قوماندان جۇدېنى سېغىنماقتا ئىدى. يۈننەندە ئېلىپ بېرىلغان يۈەنشىكەيگە قارشى جازا يۈرۈشىدە باش قوماندان جۇدې خەلق ۋە دۆلەت ئۈچۈن باتۇرلۇق ۋە ماھىرلىق بىلەن جەڭ قىلىپ سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ يۈەنشىكەيگە قارشى جەڭ-

نىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇ-
رۇش مەزگىلىدە، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىقى
بولغاندا. جۇدې 18-جىتۈەنجۈننىڭ باش قوماندانى، قوشۇم-
چە ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. بىر قې-
تىم، باش قوماندان جۇدې لوياڭدا ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈش-
كەندە ئۇنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىللەتنى
قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇرغان ئىدى... گېنې-
رال جاۋ شىگۇاڭ مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئۆزىنى توختىتالماي ماۋجۇشى
ۋە جۇدېغا يوللاش ئۈچۈن بىر پارچە تېلېگرامما يېزىپ چىق-
تى. تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

**ماۋجۇشىغا، باش قوماندان جۇدېغا:**

جاۋ شىگۇاڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى مىليون ھەربىي
ۋە خەلقنى باشلامچىلىق قىلىپ، گۇاڭجۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى-
بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى ئۈزۈپ، كوممۇنىستىك پارتىيە-
نىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە 8 تۈرلۈك تىنچ-
لىق بىنياتى ۋە 24 ماددىلىق دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق كې-
لىشىمىگە بىنائەن قىلىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكالايدۇ.

شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن
باش قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتا-
بىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە تەرتىپكە سېلىنغان 42-شىنىڭ
**شىجاڭى جاۋ شىگۇاڭ.**

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭلا گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ ئۆزى-
نىڭ يېقىن كىشىسى ۋاڭ فاڭنى چاقىرىپ: بۇ بىر پارچە مۇھىم
مەخپىي تېلېگرامما. سەن دەرھال ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ،

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا ئاپىرىپ يوللىۋەتكەن ، دېدى . ۋاڭ فاڭ بۇ مەخپىي تېلېگراممىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدىكى كونسۇلغا تاپشۇرۇپ، ئۇلاردىن شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ موسكۋادىكى شۆبىسىگە يوللاپ شۇلار ئارقىلىق ماۋ جۇشى ۋە باش قوماندان جۇ دېگە يەتكۈزۈپ بېرىشىنى ئۆتۈندى .

ئۇزۇن ئۆتمەي ، گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي ۋە قوماندان ۋاڭ جېنلار ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي چوڭ بىناسىدا چاقىر-غان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى بىڭ-تۇەنىدىكى شىدىن يۇقىرى كادىرلار ھەمدە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارنىڭ يە-غىنىغا قاتناشتى. يىغىندا، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ بىلەن ئالاھىدە سەمىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي ئۇنىڭغا : « ماۋ جۇشى ، باش قوماندان جۇ دې سىزگە سالام ئېيتتى . سىزنىڭ كونا بىرىگادا كوماندىرىڭىز باش قوماندان جۇ دې سىزنىڭ شىنجاڭدا ئىكەنلىكىڭىزنى بالدۇرلا بىلگەن، سىز ۋە سىلەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى كوم-پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىنتايىن قارشى ئال-دى . » دېدى . گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، يۇقىرىلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن جاۋاب قاي-تۇرىمەن . كونا بىرىگادا باشلىقىم ( باش قوماندان جۇ-دې ) نىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇماي جاۋاب قايتۇرىمەن . »

## شادلىققا چۆمگەن قەدىمكى شەھەر — قەشقەر

1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرى ، قەش-
قەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئارمىيە 2 - جۈن 4 - شىنىڭ ئالدىن
ئەۋەتكەن قوشۇنىنىڭ بۇ قەدىمكى شەھەرگە يېتىپ كەلگەنلىكى-
نى خۇشاللىق تەنتەنىسى ئىچىدە كۈتۈۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ
بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق پامىر ئىگىزلىكىگە قادالدى،
گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا ئۈزۈل-
كېسىل خاتىمە بېرىلىپ، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدىكى ھەر مىل-
لەت خەلقى ئۈزۈل - كېسىل ئازادلىققا ئېرىشتى.

ئازادلىق ئارمىيە يېتىپ كەلگەن ئاڭ سەھەردە ھېيتگاھ
جامەسىنىڭ پەشتىقى ئۈستىدە ناغرا - سۇناي ساداسى ياڭ-
رىدى. ھەر مىللەت خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ توپلاشتى.
ئۇلار ناغرا - سۇناي چېلىشىپ، راۋاپلىرىنى سازلاپ، قول-
لىرىغا «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قەشقەرگە يې-
تىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىمىز!»، «ياشىسۇن جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسى!» دېگەن بايراق ۋە لوزۇنكى-
لارنى كۆتىرىپ، «ياشىسۇن!» دەپ شۇئار توۋلىدى. كونىشەھەر
قوۋغاندىن ئۇچمىرۋاندىكى كۆۋرۈكنىڭ يېنىغىچە بولغان ئون
نەچچە كىلومېتىرلىق يولدا ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئېلىش
قوشۇنى رەت - رەت تۇرغانىدى. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ
يېڭى چاپان، دوپپا، ئۈزۈم، كۆلە، قوغۇن، ئانار - ئالما قا-
تارلىق ئەڭ ئەتىۋار نەرسىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ پەرزەنت قو-
شۇنلارغا تەقدىم قىلىشقا تەييارلىغانىدى.

گېنېرال جاۋشىگۇاڭ ناھايىتى روھلۇق ئىدى. ئۇ مەبلەھەتچىلىرى ۋە بارلىق ھەقىقەتكە قايتقان كوماندىر - جەڭچىلەرنى رەت - رەت قىلىپ تىزىپ قوغان يېزىسى (ھازىرقى قاتناش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش بېكىتى) بېكىتىمگە - ئۇۋات ئۇستىمگى بويىغا كېلىپ ھەر مىللەت، ھەر ساھە يۇقىرى قاتلام زاتلار، دىنىي زاتلار بىلەن بىرلىكتە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. قەشقەرگە ئالدى بىلەن كىرىپ ئورۇنلاشقان 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى مەتمىن ئىمىنوۋنىڭ باشچىلىقىدا جەڭ تۇلپارلىرىنى مىنگەن، مىلتىق ۋە قىلىچلىرىنى ئاسقان ھالدا شەھەرنىڭ سىرتىدا رەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ، ئازاتلىق ئارمىيىدىكى سەبداشلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا ۋە ئازادلىق ئارمىيە ھەم ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنلار بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە كىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا تەييارلانماقتا ئىدى.

گېنېرال جاۋشىگۇاڭ ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئالاقىچى قايتىپ كېلىپ: «ئازادلىق ئارمىيە ئۈچمىراۋانغا يېتىپ كەلدى. ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. گېنېرال جاۋشىگۇاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «يولداشلار، قېرىنداشلار! ئازادلىق ئارمىيە ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ. قىزغىن قارشى ئالايلى!» دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن جاكالىدى. ئۇنىڭ بۇ جاكاسى خۇددى گۈلدۈرمامىدەك بىر دەمدىلا قەدىمكى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى - دە، قەشقەر خۇشاللىققا چۆمدى!

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۇننىڭ باشلىقى گو پىڭ، سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ، مۇئاۋىن جۇن باشلىقى

دۇن شىگېۇەن، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى زۇچى، 4- شىنىڭ باشلىقى ياڭ شيۇشەن، سىياسىي كومىسسار زېڭ كۇاڭمىڭ قاتارلىق باشلىقلار ۋە ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى جاپاردىن غەيرەت بىلەن «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، قارشى ئېلىش قوشۇنىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. گېنېرال جاۋشىگۇاڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەپ بېرىپ جۈن، شى رەھبەرلىرىگە سالام بېرىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئازادلىق ئارمىيە باشلىقلىرىنىڭ سەممىي سالاملىرى گېنېرال جاۋشىگۇاڭ ۋە ئۇنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار خۇشاللىقىدىن يىغلاپ تاشلىدى. ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ گۈلدۈر مامىدەك ياغدۇرغان ئالقىشلىرى، ناغرا-سۇنايسادالىرى كۆكتە ياڭرىدى.

شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى باشلاندى. گېنېرال جاۋشىگۇاڭ، گوفېڭ، ۋاڭ ئېنماۋ، دۇن شىگېۇەن، زۇچى، ياڭ شيۇشەن، زېڭ كۇاڭمىن قاتارلىق باشلىقلار ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىرى بىلەن بىرلىكتە قىسىمنىڭ ئالدىدا ماڭدى. قۇدرەتلىك ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ «٨-١» (١ - ئاۋغۇست) خېتى يېزىلغان ئارمىيە بايرىقىنى قوغداپ سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. شى سەنئەت ئۆمىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە مارشىنى ئورۇنلىدى. ئازادلىق ئارمىيە ناخشا ئېيتىپ رەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك ماڭماقتا ئىدى. ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئارقىسىدىن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ماڭدى. ئاخىرىدا ھەر مىللەت خەلقىدىن تەشكىللەنگەن قارشى ئېلىش قوشۇنى ماڭدى. ھەر مىللەت

خەلقى، ئۆزلىرىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنى قارشى ئالغانغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مېۋە - چېۋە، يېمەكلىك-لىرىنى جەڭچىلەرنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

شۇ كۈنى گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ يېڭىشەھەر ناھىيە بازىدى-كى كۇلۇبتا ئازادلىق ئارمىيە بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان قىس-ملارنىڭ بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. سىياسىي كومىسسار ۋاڭ ئېنماۋ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدېگە ۋاكالىتەن ھەقىقەتكە قايت-قان قىسىملاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەردىن ئەڭ سەمىمىي ھال سورىدى ھەمدە ھەقىقەتكە قايتقان كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەنە شۇ كۈنى ئازادلىق ئارمىيە ۋاسكىتبول كوما-ندىسى بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنلارنىڭ ۋاسكىتبول كو-ماندىسى ھېيتگاھ مەيدانىدا دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. جۇن كوماندىرى گوفېڭ كېلىپ مۇسابىقە مۇراسىمىنى باشقۇر-دى. ھېيتگاھ مەيدانى مۇسابىقە كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن تولۇپ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى.

ئەتىسى، گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ ھەقىقەتكە قايتقان ھەر قايسى قىسىملارنى ئازادلىق ئارمىيىگە قوغۇن - تاۋۇز، كۆك-تات ئاپىرىپ بېرىشكە ھەرىكەتلەندۈردى ھەمدە قىسىملارنى ئۆزى يېتەكلەپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ يېڭىغا بېرىپ ئەسكىرىي خىل-لىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە كۆرۈپ ئۆگىنىشكە ۋە ھال سو-راشقا ئېلىپ كەلدى.

كىشىگە ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز ۋە تەسىرلىك بولغىنى — ئا-زادلىق ئارمىيىدىكى پەرزەنت قوشۇنلارنىڭ قىش-زىمىستانىنى

چۆل - جەزىرىلەردە ئۆتكۈزۈپ، بىر جۈپ پولاتتەك ئايىغىغا تايىنىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ قارلىق تاغ ۋە سايلىقلارنى بېسىپ ئۆتكەن جاسارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر كۈنى چۆل - جەزىرە، قۇملۇقلارنى كېزىپ، دالادا يېتىپ - قوپۇپ ئۇزۇن مۇساپىلەرنى باسقانلىقى ئىدى. ئۇلار قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلدى. مىللىي سىياسەتكە ۋە دىنىي سىياسەتكە قاتتىق ئەمەل قىلدى. خەلقنىڭ ئۆيلىرىدە ۋە مەسچىتلەردە قونماي، ھويلا - ئارام ۋە كوچىلاردا يېتىپ - قوپتى، ئوزۇقلاندى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ھەقىقەتكە قايتقان كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىمۇ ناھايىتى زور تەسىر قوزغاپ، ھەقىقەتكە قايتقان كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1950 - يىلى ئەتىيازدا، گېنېرال جاۋشىگۇاڭ قەدىمكى شەھەر قەشقەردىن ئايرىلىپ شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 22 - بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە 9 - جۈننىڭ باشلىقى بولدى.

1951 - يىلى چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ قوماندان ۋاڭ جېن، تاۋ سىيۇ، جاڭ جۇڭخەن، جاۋ شىگۇاڭ، تاۋ جىچۇ قاتارلىق رەھبەرلەرنى پېتەكلەپ، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئادەم ئىز باسمىغان، لېكىن يېرى مۇنبەت بولغان جاڭگاللىقتا شىخەنزە شەھىرىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا 22 - بىڭتۇەن 9 - جۈننىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى شىخەنزىگە ئورۇنلاشتى.

قوماندانلىق شىتابىنىڭ ئالدىن كېلەر ئەترىتى كونا بازار-
دىكى ئۇلاغ سارىيىغا ئورۇنلاشتى. گېنېرال جاۋشىگۇاڭ بۇ چاغ-
لاردا بىگتۇەن قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق
ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتاتتى. ئۆمرى جەڭ-غازات بى-
لەن ئۆتكەن بۇ گېنېرال ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەربىر بوز يەر
ئۆزلەشتۇرۇش ئىشى ناتونۇش يېڭى بىر ئىش ئىدى، لېكىن
ئۇ كەمتەر، تىرىشچان بولۇپ، ئەنئۈەن روھىنى ئۆگىنىپ، ئۆز
كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جەڭچىلەر بىلەر بىرلىكتە كەمە
كولىدى. تاماقتا، ياتاقتا، ئەمگەكتە ئۇلار بىلەن بىللە بول-
دى. ئۇ ئۇيقىنى، تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ ئىنژېنېر-تېخنىك خادىم-
لاردىن دېھقانچىلىق بىلىملىرى ۋە قۇرۇلۇش بىلىملىرى قاتار-
لىقلارنى ئۆگەندى. تۆت يىل جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش
نەتىجىسىدە بۇ قەدىمى جاڭگاللىقتا بىر يېپ-يېڭى شەھەر—
شىخەنزە شەھىرى قەد كۆتەردى. ھەربىر بوز يەر ئۆز-
لەشتۇرگۈچى جەڭچىلەر بۇ گۈزەل يېڭى شەھەرنى تېخىمۇ گۈ-
زەل قىلىپ گۈللەندۈرۈۋاتقان چاغلاردا گېنېرال جاۋشىگۇاڭ-
نىڭ كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشتى. قوماندان ۋاڭ جېن
ئۇنىڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلدى. بېيجىڭدىن داۋالىلىق
تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇردى. بېيجىڭدىن
ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا ئاشقازان راكىغا شىپا بولىدىغان
دورا يەتكۈزۈپ بەردى، بىگتۇەننىڭ سىياسىي كومىسارى جاڭ
جۇڭخەن ئۆزى كۆتۈپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. 1955-
يىلى 10-ئايدا كېسەل ئاخىرى ۋەتەنپەرۋەر بۇ
گېنېرالنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆزى گۈل-
لەندۈرگەن بۇ يېڭى شەھەر تۇپرىقىغا دەپنە قىلىندى. بىگتۇەن

شەنزىدە مەرھۇم ئۈچۈن داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال يولداش جاۋشىگۇاڭنىڭ بىزنى يېتەكلەپ ھەقىقەتكە قايتىشتەك مەردانە ھەرىكىتى بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ باتۇرلارغا خاس مۇبارەك ئىسمى ـ شەرىپى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ!

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

خۇنەن نەشرىياتى نەشر قىلغان «تاۋسىيۇ بايانلىرى»نىڭ خەنزۇچە 95 ـ، 96 ـ بەتلىرى.

«ھەربىلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرىنىڭ قاتناش تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 1 ـ توپلام، 4، 5 ـ بەتلىرى (بىڭتۇەن سانائەت ـ قاتناش ئىدارىسى يېزىقچىلىق ئىشخانىسى تۈزۈپ باسقان).

مىڭ جىچيەن، خۇاڭ ۋېنجى، تاڭ يەنجۇ، لەي ياۋزۇ، خۇيدۇڭ، شى خەيتاۋ، يىشىنلىن، جاڭ شياۋ قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئەسلىمىسى.

## قوشۇمچە:

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭدىكى ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدې، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيگە يوللىغان تېلېگراممىسى تۆۋەندىكىچە:

ماۋجۇشىغا، باش قوماندان جۇدېگە، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيگە، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ھەمدە

سىلەر ئارقىلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەر قايسى
دالا ئارمىيە قوماندانلىرىغا، سىياسىي كومىسسارلىرىغا، شۇنداق
لا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشمىسىنىڭ 1- سانلىق
يىغىنىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ۋەكىللەرگە:

بىز، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كوماندىر - جەڭچىلەر 4 يىل-
دىن بۇيان گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە
ئىچكى جەھەتتە تىنچ بولۇش، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ، دۆلەتنى قوغ-
داش، خەلقنى ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، باشتىن-ئاخىر-
غىچە ئەھتىياتچان ۋە سەمىمىي بولۇپ كەلدۇق. گېنېرال جاڭ-
جىجۇڭ غەربىي شىمالدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئىچ-
كىرى ئۆلكىلەردىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى تېز بولدى. بىز
يىراقچېگرا ئۆلكە — شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ سەمىمىي
ئارزۇسى بويىچە گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىزچىل تەشەببۇس-
ىغا ئەمەل قىلىپ. يەرلىكنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەققىي يوسۇندا
كاپالەتلىك قىلدۇق. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئىنتىلابىنىڭ ئۇلۇغ-
ۋار ئىشلىرىنى قايتا... قايتا تەكىتلەپ، پۈتۈن ئارمىيىدىكى
كوماندىر - جەڭچىلەرنى خەلق دېموكراتىيە لاگېرىغا تېزدىن
ئۆتۈپ، دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى تاپىلىغانىدى. ئۇنىڭ
قول ئاستىدىكى تاۋسىيۇ قاتارلىق ھەربىلەر دۆلەت ۋەزىپىلى-
رىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاتاق - ئابرويىدىن ئاللىب-
قاچان ۋاز كەچكەنىدى. ھازىر جۇڭگو خەلق سىياسىي مەس-
لىھەت كېڭەشمىسىنىڭ 1- نۆۋەتلىك يىغىنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. جۇڭگو
خەلقى سەمىمىي ئارزۇ قىلىپ كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىي-
تى پات ئارىدا دۇنياغا كەلگۈسى. يېڭى جۇڭگو تىنچ قۇرۇلۇشىنىڭ

نۇرلۇق داغدام يولغا قەدەم قويدى. شىنجاڭ — جۇڭگو-
نىڭ مەمۇرىي ئۆلكىسى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار دۆلەت-
نىڭ چېگرىدىكى ھەربىي كۈچى بولۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىل-
لىقى، ھۆرلىكى، گۈللەپ ياشنىشىنى قىزغىن ئارزۇ قىلىدۇ.
خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ تەلتۆكۈس ئورۇنلىنىشى
ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشنى خالايدۇ. تاۋسىيۇ
قاتارلىق رەھبەرلەر پۈتۈن ئارمىيىنى يېتەكلەپ بۈگۈندىن
باشلاپ گۇاڭجۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن بارلىق ئالاقىنى
ئۈزۈپ، ماۋجۇشى ئوتتۇرىغا قويغان 8 تۈرلۈك تىنچلىق بايا-
ناتى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىنى سەمىمىي قوبۇل
قىلىدىغانلىقىنى تەنتەنىلىك ھالدا جاكالايدۇ. پۈتۈن ئارمىيە
ئەسلىدىكى مۇداپىئە ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، يەرلىكنىڭ تەرتى-
پىنى قوغدايدۇ. خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ھەم-
دە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش شىتابىنىڭ بۇيرۇقىنى
كۈتىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن ئۇشبۇ تېلېگرامما يوللاندى. كۆرسەتمە
بېرىشلىرىنى كۈتۈپ:

شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون قوماندانلىق شىتابىنىڭ باش
قوماندانى تاۋسىيۇ، مۇئاۋىن باش قوماندان، قوشۇمچە
42 - شىنىڭ باشلىقى جاۋشىگواڭ، 1 - ئاتلىق شىنىڭ
باشلىقى خەن يوۋېن، 78 - شىنىڭ باشلىقى
مۇۋارۇ، بىرىگادا باشلىقلىرى جوڭ زوبىن، لى زۇتاڭ، تيەن
زېبې، خەن روڭفو، كوچۇەنلياڭ، سوڭ مىڭگاڭ، لوروجېڭ،
ليۇ چيانجيۇن، ياڭ تىڭيىڭ، ماپىڭلىن.

(شېھ خەيشاۋ ـ لى ۋېن) — كومپارتىيە ئەزاسى. خۇبېي
ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭخۇا ناھىيىسىدىن. ھازىر 60 ياش. خىزمەت-

تىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ، 1949- يىلى ئەتىيازدا، كومىنداڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 20- قارارىنى پۈتتۈرۈپ كومىنداڭنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات قىسمىدا تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار بولغان. 1949- يىلى 9- ئاينىڭ 25- كۈنى گېنېرال تاۋسىيۇ بىلەن جاۋشىڭگۇاڭلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەقىقەتكە قايتقان. ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، بىڭتۈەن ئاپتوموبىل قىسىملىرىدا ئىلگىرى- كېيىن ئىش بېجىرگۈچى، تەشۋىقات گۇرۇپپا باشلىقى، مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، تەشۋىقات ياردەمچىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشما رەئىسى بولغان. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، يەنىلا يېزا. ئىگىلىك 3- شى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى ئەزالىقىنى ۋە شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار جەمئىيىتى ئالاقىچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئالاقىچىلىق خىزمىتىنى ئۆتىمەكتە.

# يەكەن ۋەقەسىنىڭ ئۆتۈشى

1942- يىلى 2- ئايدا، لياۋشىن، پىڭجىڭ، خۇەيخەي، 3 چوڭ جەڭ يىپىمدىن كېيىن، شىنجاڭ نەگە باراردۇ؟ دېگەن مەسىلە — شىنجاڭدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى، گومىنداڭنىڭ تۆۋەن-لىگەن كوماندىر - جەڭچىلىرى جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ ئىش ئىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ قوماندانى تاۋسىيۆ، مۇئاۋىن قوماندان جاۋشىڭگۇاڭ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كىرزىس ئىچىدە قالغانلىقىنى، يۇقىرىلارنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئەسكەر-لەر ئىچىدىكى نارازىلىق، تاپا - تەنىلەر ھەممىلا يەردە ئەۋج ئېلىپ، جەڭگىۋارلىق روھى چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قارا شەھەردە مەخپىي يىغىن چاقىردى. ئۇلار بىر ھازا مەخپىي كېڭەشكەندىن كېيىن، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش لايىھە-سىنى بېكىتىپ چىقتى. ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ تەييارلىق خىز-مەتلىرى خۇپىيانە ئىشلىنىۋاتقان ئىدى.

جاۋشىڭگۇاڭ ھەقىقەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جەنۇ-بىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك كادىر-لارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە بولغان قارىشىنى ئۇقۇپ بېقىش-نى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تۆۋەندىن يۇقىرى ھەربىي ئەمەلدارلار يىغىنى چاقىردى. يىغىن 42- ئورگىنىنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈل-دى. يىغىندا جاۋشىڭگۇاڭ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، قول ئاستىدىكىلەردىن كەڭ-كۇشادە پىكىر ئېلىشىپ، ھەرقايسى ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرى-

نى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار شۇنچە تالاش-تارتىش قىلىپمۇ بىر قارارغا كېلەلمىدى. جاۋشىگۇاڭ يىغىننىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى جاكالاپ، قايتىدىن كېيىن ئېچىشكە ئويلاپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، جاۋشىگۇاڭ يەنە يۇقىرىقىلارنىڭ يىغىنىنى چاقىردى. يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى: يەنىلا ۋەزىيەتنىڭ يامانلاشقانلىقىنى، گومىنداڭنىڭ پات ئارىدا گۇمران بولىدىغانلىقىنى، يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى، شىنجاڭنىڭ قانداق قىلىش كېرەكلىكى مەسىلىسى بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ پىكىر بايان قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. يىغىنغا كەلگەن ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ كۆپچىلىكى تاۋسىيۇ، جاۋشىگۇاڭ ئىككى كېنېراللىنىڭ قاراشى ھەر يىغىندا تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى ئىشنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، يۈزتۇرانە پىكىر قىلىشنى بىلەپ كۆرۈپ، ئىندىمەي ئولتۇرۇشتى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا جاۋشىگۇاڭ يوزىتىمىسى ئىنتايىن ئېنىق ھالدا: «شىنجاڭنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى — ھەقىقەتكە قايتىش» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى.

ھەقىقەتكە قايتىش ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئۇرۇش قىلىش تەرەپدارلىرى بىلەن تىنچلىق تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كەسكىن كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتتى. ئاتلىق 4-بىرىگادىنىڭ باشلىقى تاڭ جىڭرېن بىر تىپىك ئۇرۇش تەرەپدارى ئىدى. بۇ ئادەم ھەربىي سەتبىدىكى ئىشپىيون بولۇپ، يەكەن كونىشەھەردە تۇراتتى. ئۇ ناھايىتى ھېلىگەر، مىجەزى قوپال، تۇرمۇش ئىستىلى چىرىك ئادەم ئىدى. ئۇ، ئارمىيە ئىچىدە

زوراۋانلىق قىلىپ ئۆز ئالدىغا فاشىستىك ئورگان قۇرۇپ، كوماندىر-جەڭچىلەرنى پايلاشنى باھانە قىلىپ، خالىغانچە ئادەم ئۇرۇپ، ئادەم تۇتاتتى. ئۇ دائىم ھەربىي تەمىناتنى تۇتۇپ قالاتتى. يالغاندىن مەلۇم قىلىپ، قارىمىلىق بىلەن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ چۆنتىكىنى توشقۇزاتتى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ ئەس-كەرلەرنى ئاشلىق - تەمىناتى يوق، ئات- ئۇلاغلارنى يەم-خەشىكى يوق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. بىراق، تاڭ جىڭ-رېنىڭ قىلمىشى ئۇنچىۋالا مەزمۇت ئەمەس ئىدى. قول ئاستى-دىكىلەرى ئىچىدە ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئەزىمەتلەرمۇ تېپىلاتتى. تاڭ جىڭرېن خوگيادوڭ تۈەنىگە يەنى 7- تۈەنگە كەمسىتمىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، بۇ ئىككى تۈەن-نىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى بانديتلار دەپ تىللاپ ھاقارەت-لەيتتى. كوماندىر - جەڭچىلەر خېلىدىن بېرى تاڭ جىڭرېنگە چىش - تىرنىقىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن. قارشىلىشىش كەيپىياتى ئۇلغىيىپ، تېگىپلا كەتسە پارتلاپ كەتكىدەك ئەھۋالغا كېلىپ قالغانىدى.

كېيىن. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىم-لىرىنىڭ شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى بۇ ئىككى تۈەندىكى كوماندىر - جەڭچىلەردە ئۈمىد ۋە جاسارەت قوز-غىدى. بۇنىڭ بىلەن، خوگيادوڭ خۇپىيانە ھالدا، كۆڭلى يېقىن كوماندىرلارنى تېپىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىشىنى مەخپىي مەسلىھەتلەشتى.

سىنتەبىر ئايلىرىدىكى يەكەن شەھىرىنىڭ ھاۋاسى بىر ئاز سوغۇق ئىدى. ئەسكەرلەر تويغىدەك تاماق يېمىگەچكە، ئاچلىقتا چىداپ تۇرالمىدى. ئاغرىق-

سىلاق كۈنسايىن كۆپەيدى. كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ نارازىلىقى ئۇلغىيىپ كەتتى. ئۇلار خۇددى ياغ چېچىپ قويغان بىر دۆۋە قاقشال ئوتۇنغا ئوخشاش ئازراق ئۇچقۇن بولسىلا يالقۇنغا ئايلىنىدىغان بىر ھالەتتە تۇراتتى. خوگىيادۇڭ پەيتنىڭ پىشىپ-يېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دالىدا مانېۋىر ئۆتكۈزۈش نامى بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئالدى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى قاراۋۇللارنى يوقىتىپ، گازارمىلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئاندىن زور ئەسكىرى كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ يەكەننى ئېلىپ، تاڭ جىڭرېننى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلماقچى بولدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتىنى 20-سىنتەبىر قىلىپ بېكىتتى.

20-سىنتەبىر تاڭ يورۇش بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇن بوراجىلغىسىغا يىغىلدى، ئاز ساندىكى قىسىمنى تاڭ جىڭرېننىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ، تاڭ جىڭرېننىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئەۋەتىپ، قالغان ئاتلىق، پىيادە قىسىملار ئارىلاشقان ھالدا قوزغىلىپ، يەكەن كونا شەھەردىكى سەككىز پوتەينى بىر ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، پايدىلىق يەر شارائىتىنى ئالدىن ئىگىلىدى. ئىككىنچى كۈنى، قوزغىلاڭچى قوشۇن يەكەن يېڭىشەھەرنى قورشىۋالدى. تاڭ جىڭرېن تازىمۇ توخۇ يۈرەك بىرنېمە بولغاچقا، قورقۇپ جان-پېنى چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، شەھەر ئىچىدە تۆكۈلۈۋېلىپ ئالاقزادىلىكتە قالدى. ئۈچ كۈنلۈك كەسكىن جەڭدە، بىرىگادا شتابىغا قاراشلىق توققۇز لىيەننىڭ ھەممىسى تاڭ جىڭرېندىن يۈز ئۆرۈپ، خوگىيادۇڭغا تەسلىم بولدى.

خوگيادوك بىر قىسىم ئادەملەرنى بىر تۈەن قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، دەرھال تاڭ جىڭرەنگە جازا يۈرۈش قىلىش جىڭگىگە ئاتلاندى. قوزغىلاڭچى قوشۇن زور ھەيۋەت بىلەن قەدەمكىشە-ھەر يەكەننى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

22 - سىنتەبىر سەھەردە، گومىنداڭنىڭ كونشەھەر ناھىيە-سىدە تۈرۈشلۈق جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شى-تابىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە 42 - شىنىڭ باشلىقى جاۋ شى-گۇاڭ تاڭ جىڭرەننىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. تېلې-گراممىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

ئۈرۈن باسار جانابلىرىغا:

ئالىي ئېھتىرام بىلەن شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى. قول ئاس-تىمىزدىكى خىزمەتچىلەردىن خوگيادوك تۈەنى تونۇگۈن كېچە يۈز ئۆرۈدى، ھازىر بىرىگادا شىتابىنى قورشىۋالدى، پىرقە دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلدى، ھەربىي قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنمىغاندا، چوڭ بالايى - قازا كېلىپ چىقىدۇ. كەمىنىلىرى جا-نابلىرىدىن دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇرۇشلىرىنى، خوگيا-دوگنى قاتتىق جازالاشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاتلىق 4 - بىرىگادا باشلىقى تاڭ جىڭرەن

جاۋ شىگۇاڭ بۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلىش چارىسىنى ئويـ-لىۋاتقاندا، ئازسىيۇنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. تې-لېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق ئىدى:

چەنۇبىي شىنجاڭ كارنىزون قوماندانلىق شىتابىنىڭ قو-
ماندانى جاۋ شىگۇاڭغا:

«يەكەن ۋەقەسىنى تولۇق ھوقۇقلۇق ھالدا ھەل قىلىڭ».

شىنجاڭ كارنىزون قوماندانلىق شىتابىنىڭ قوماندانى
تاۋسىيۇ.

قوماندان تاۋسىيۇنىڭ بۇ بۇيرۇق تېلېگراممىسىنى تاپشۇ-
رۇپ ئالغان جاۋ شىگۇاڭ گوياكى خان شەمشىرىگە ئىگە بولغان-
دەك بەلنى تېخىمۇ چىڭ باغلاپ، ۋاڭ سەنمۇجاڭنى چاقىرىپ
كېلىپ مەخپى پىلان تۈزۈشتى. ۋاڭ سەنمۇجاڭ جاۋ شىگۇاڭنىڭ
مەخپىي بۇيرۇقىنى ئېلىپ يەكەنگە كەلدى. كۈتمىگەندە چاھىل
تاڭ جىگرەن شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى چىڭ تاقىۋېلىپ كۆرۈش-
كىلى ئۇنىمىدى. ۋاڭ سەنمۇجاڭ ئارقىغا قايتىش سەپىرىدە تاڭ
جىگرەننىڭ فۇكۆيەنىگە ئۇچراپ قېلىپ، قوماندان جاۋ شىگۇاڭ-
نىڭ بۇيرۇقىنى، يەنە بىر قېتىم ئىزاھلىدى. فۇكۆيەن ئىش
يوغىناپ كېتىپ قالسا، كېيىنچە يىغىشتۇرالماي قېلىشتىن قور-
قۇپ، ۋاڭ سەنمۇجاڭنى بىر مۇك سۆۋەتكە سېلىپ، سېپىلدىن ئار-
تىلدۇرۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتە، جاۋ شىگۇاڭ يەكەنگە ئۆزى كەل-
دى، تاڭ جىگرەنگە شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىشنى بۇيرۇق قىل-
دى. تاڭ جىگرەن ئىلاجىسىز شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ جاۋ-
شىگۇاڭنى قارشى ئالدى. جاۋشىگۇاڭ ئۇنىڭغا يەكەندىن دەر-
ھال ئايرىلىش لازىملىقىنى، باشقا ۋەزىپە تەقسىم قىلىنىدى-

غاناملىقىنى ئۇقتۇردى. تاڭ چىڭگىرەن قايىل بولماي تاكاللىشىپ جاۋ-
شىڭگۇاڭغا: «نېمىلا بولمىسۇن كونا شىتابىمىدىن ئايرىلىپ كەت-
مىسەملا ھەرقانداق شەرت بولسا قوبۇل قىلىمەن» دەپ ئۇنىڭ
كەينىنى ئاڭلىمىدى. جاۋ شىڭگۇاڭ تاۋسىيۇنىڭ تېلېگراممىسىنى
كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قوماندان تاۋسىيۇ يەكەن ۋەقەسىنى بىرتە-
رەپ قىلىشتا مېنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىم توغرىسىدا تېلېگرام-
ما ئارقىلىق بۇيرۇق بەردى» دېدى. تاڭ چىڭگىرەن بۇنى ئاڭلاپ
ياغاچتەك قېتىپلا قالدى ـ دە، تاۋسىيۇنى ئۆزىنىڭ ئورۇق-تۇغ-
قانلىرىنى تونىمايدىغان. قول ئاستىدىكىلىرىنى ئۇنتۇپ قال-
دىغان ئادەم ئىكەن دەپ غۇدۇردىدى.

جياڭجېشى ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ سادىق غالچىسى ئا-
خىرىدا قولىدىكى ھوقۇق تامغۇنى تارتتۇرۇپ قويۇشتەك پە-
كەش ئاقىۋەتكە قالدى.

(خوڭيادوڭ، بامۇخوالارنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن شىيا-
ۋېرولىڭ رەتلىگەن).

1986 ـ يىل 7 ـ ئاۋغۇست

# ئۈچ ئەسلىمە

### باۋ دىيەنخۇا

## تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش

1947 - يىلى 4 - ئايدا سابىق گومىنداڭ غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىجۇڭ مېنى بۇ مەھكىمىنىڭ شاۋجاڭ دەرىجىلىك ئالىي مەسلىھەتچىلىكىگە بەلگىلەپ، ئاقسۇدىكى 65 - بىرىگادىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە ئەۋەتتى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، مەن ئاقسۇدا 65 - بىرىگادىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ بولۇپ، گېنېرال تاۋسىيۇ رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا قاتناشقاندىن كېيىن. قىسىملار يەنىلا ئەسلى ئورنىدا تۇرۇپ، يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىشىنى كۈتتى.

سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى ئىزغىن قارشى ئېلىش ئاقسۇدىكى ھەر مىللەت خەلقى كېچە - كۈندۈز ئىنتىزار بولۇۋاتقان چوڭ ئىش ئىدى. 1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، مەيىن شامال چىقىپ تۇراتتى. ئالتۇن نۇر چاقناپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق شەھەر-

نىڭ شەمەلە يېرىگە قادالغان بولۇپ، شامالدا لەپىلدەپ جەۋ-
لان قىلاتتى. «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا
كىرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز» دېگەن چوڭ پىلاكاتلار ھەم-
مە يەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئاقسۇ ناھىيە شەھىرى شى-
مالىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى سابىق «بەگ راۋىقى» نىڭ
ئالدى ئەتىگەندىلا رەتلىك تىزىلغان قارشى ئالغۇچى قوشۇن
ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن تولغانىدى. جۇڭگو خەلق ئا-
زادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسى 2 - جۈن 5 - شى باش-
لىقى ياڭ بىلەن سىياسىي كومىسسار شۆكوشيەنلەر باشلامچىلىقىدى-
دىكى كوماندىر - جەڭچىلەر ئاپتوموبىللىرىنى ھەيدەپ، رەت-
لىك تىزىلىپ، شەھەر ئەتراپىي رايونىغا قەدەم قويغاندا، ئا-
دەملەر توپى كەلكۈنگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ئاق-
تى. تەنتەنە، شوئار، ئالقىش ۋە داقا - دۇمباق سادالىرى پە-
لەككە يەتتى. شى باشلىقى ياڭ، سىياسىي كومىسسار شۆكوشيەن-
لەر ئاقسۇدىكى ھەر ساھە زاتلار بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ
ئۆز ئارا تىنچلىق سوراشتى ھەمدە ئاممىغا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ
ھۆرمەت بىلدۈردى، «بەگ راۋىقى» ئالدىدىن تەخمىنەن بەش
چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاقسۇ ۋالى مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي-
غىچە يول ئىككى تەرىپى قارشى ئالغۇچى ھەر مىللەت ئامما-
سى بىلەن تولغانىدى. ئۇلار مېزىلىك چاي، ئېسىل ھاراقلىرى-
نى تەڭلەپ ئۇلارنى ئۆز ئائىلىسىدىكى كىشىلەردەك كۈتۈشەت-
تى. بۇ يەردە ھەقىقەتەن ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بېلىق بى-
لەن سۇدەك چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ جانلىق مەنزىرىسى ئەكس
ئەتكەنىدى. بۇ، ئاقسۇدا تارىختىن بۇيانقى تۇنجى كاتتا داغ-
دۇغا ئىدى.

1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇدىكى
ھەر قايسى ئورۇنلاردا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلۇپ،
ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىللىرى ھەر قايسى ئىدارىلارغا كىرىپ،
بىر قىسىم كونا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ ئالدى.

12 - ئاينىڭ باشلىرىدا 2 - جۈن باشلىقى گوفېڭ، سىيا-
سىي كومىسسار ۋاڭ ئېنماۋ، سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى زوچى
قاتارلىق يولداشلار ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە ئۆتمەكچى بول-
دى. جۈن باشلىقى گوفېڭ، سىياسىي كومىسسار ۋاڭ ئېنماۋلار
ئ - شى شىتابىدا تۇردى، مۇدىر زوچى بولسا مېنىڭ ئۆيۈمدە
تۇردى. مۇدىر زوچى مېھرىبان، يېقىملىق كىشى بولۇپ، دائىم
مەن بىلەن سىردىشاتتى. زوچى: «قىسمىمىز لەنجۇدىن شىنجاڭغا
يۈرۈش قىلغاندا، بىز ئىدىيە جەھەتتىن ئەڭ يامان ئەھۋالغا
دۇچ كېلىش ئېھتىمالىنى كۆزلەپ، يولبويى جەڭگە دۇچ كېلىشى-
مىز مۇمكىن، دەپ تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدۇق. ئەمەلىيەت-
تە بۇ غەم - ئەندىشىلىرىمىزنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلى-
لىدى. سەپىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولدى. ھەقىقەتكە قايتقاندىن كې-
يىن سىز ئاقسۇدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدىڭىز، ئەلۋەتتە»
دېدى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاۋسىيۇنىڭ ھەق-
قەتكە قايتىشنى چاقىرىش ھەققىدىكى تېلېگراممىسىنى 65 - بىر-
رىگادا باشلىقى لى زوتاڭ بېسىپ قويۇپ، تۆۋەندىن يۇقىرى دەرىجى-
لىك ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارغىلا يەتكۈزۈپ،
ئاشكارىلاشقا يول قويمىدى. ئۇ يېچېك بىلەن ماچىڭشياڭ ئۈ-
رۈمچىدىن ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، ئۈچ كىشى بىر بۆلۈك
ئەسكەرنى كۈچىنى تەشكىللەپ، باش ئەگمىنى تايانچ بازا قى-

لىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆلكىچە ساقلاپ، كومپارتىيە قىسىملىرى بىلەن قارشىلىشىشنى مەخپىي پىلانلىماقچى بولغانىدى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، يېچىڭ بىلەن ماچىڭشيالىڭ 16 چوڭ ئاپتوموبىل بىلەن بالا - چاقىلىرى ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ، بىر لىيەن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن ئاقسۇغا كەلدى. ئۇلار ئەمدىلا 65 - بىرىگادىنىڭ چوڭ قوروسىغا كىرىشىگە، لى زوتاڭنىڭ بىر ئەسكىرى بىر پاي ئوق چىقىرىپ، يې چىڭنىڭ قولىنى زەخىملەندۈردى. لى زوتاڭ بىلەن يې چىڭنىڭ شىتاب باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى قوغداش يۈزىسىدىن ھەربىي توقۇنۇش يۈز بەردى. لى زوتاڭ ماڭا تېلېفون بېرىپ، ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشۇمنى ئېيتتى، مەن يې چىڭنىڭ شىتاب باشلىقىنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە لى زوتاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ، يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ كېلىشىم ھاسىل قىلدۇق. ئۈچ نەپەر ئاساسىي چوڭ گورۇھلارنىڭ كاتتىبېشى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ئاقسۇدىن ئايرىلىپ، قەشقەر ئارقىلىق ھىندىستانغا كەتتى. ئاقسۇنىڭ ۋەزىيىتى ۋاقىتىنچە تۇراقلاشتى.

زۇچى كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭا: — مەن سىزنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. — دېدى.

— ئۇ چاغدا سىز ئاقسۇدا بولمىسىڭىز قانداق بىلىسىز؟ — دېدىم مەن.

— سىزنىڭ ئۆيىڭىز مەدەنىيەت سارىيىدا ئىدى، سارايىنىڭ ئالدىدىكى تاماكو، گازىر ساتىدىغان كىشى ئازادلىقتىن بۇرۇنلا بىزنىڭ ئاخبارات خادىمىمىز ئىدى، ئۆيىڭىزگە ھەر كۈنى قانداق ئادەملەر كېلىدىغانلىقىنى بىز بىلىپ تۇراتتۇق، — دېدى زۇچى.

مەن يولداش زوچىغا ئەينى يىللاردا تونۇشۇم ئايدىڭ بولمىغانلىقتىن گومىنداڭغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم، دېدىم. زوچى ماڭا تەسەللى بېرىپ: «بۇرۇنقى تارىخىي مەسىلە. چاڭكەيشى جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەمەسمۇ. گومىنداڭغا ئەگىشىپ ماڭغان ئادەملەر يەنىلا كۆپ سانلىق. ئۇ ھەرگىزمۇ بىرەر ئادەمنىڭ مەسىلىسى ئەمەس. جۇڭگو تارىخىدا جياڭ جيېشى سۇن جۇڭشەننىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىغا ئاسىيلىق قىلمىغان بولسا، ماۋ جۇشى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب قىلمىغان بولاتتى» دېدى. ئۇ ماڭا ئېيتقان چاغدا ماڭا: ماۋجۇشىنىڭ بىرپارچە رەسىمى بىلەن «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە»، «يۈيگوڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى»، «بېتيۈننى خاتىرىلەيمىز» قاتارلىق ئۈچ پارچە ئەسەرنى سوۋغا قىلىپ، ناھايىتى زور ئىلھام بېرىپ، مېنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىمنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاقسۇدىكى ھەر ساھە زاتلار قاتناشقان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسى، ئاقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بارلىق ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن فېئودال، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئاقسۇدىكى قاراڭغۇ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن كەلمەسكە كەتتى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تارىخىدا شۇنىڭدىن باشلاپ يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى.

**ئالاقىلىشىش بۆلۈمىنىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە**

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دالا ئارمىيە ئىجۇننىڭ ئالاقىلىشىش بۆلۈمى چولق — بىر ئىنقىلاب ئوچىقى، شۇنداقلا

«25 - سىنتەبىر» دىكى ھەقىقەتكە قايتىشقا قاتناشقان سابىق
گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كەڭ كوماندىر-
جەڭچىلىرىنى يېڭى ھاياتقا ئاتلاندۇرغان ئىنقىلابىي چوڭ
مەكتەپ بولۇپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش
ئۈچۈن ئۇلار قىممەتلىك تۆھپە قوشقان. مەن ھازىر ئەس-
لىيەلىگەن ئازغىنا ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ
ئۆتىمەن.

1. ۋەزىيەت. ئالاقىلىشىش بۆلۈمىنىڭ ۋەزىپىسى سابىق گو-
مىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تۆت بىرىگادىسى
(قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان
168 - بىرىگادا، ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ئۆزگەرتىپ تەشكىل قى-
لىنغان 65 - بىرىگادا، قەشقەردە تۇرۇشلۇق 9 - ئاتلىق بىرى-
گادا، يەكەندە تۇرۇشلۇق 4 - ئاتلىق بىرىگادا)
ۋە 5 ۋىلايەت (قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن،
خوتەن) دىن «25 - سىنتەبىر» ھەقىقەتكە قايتىشقا قاتناشقان
ھەربىي، مەمۇرىي خادىملارنى يىغىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنى
سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ۋە ئەمگەك بىلەن
چېنىقتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش ھەر بىر خادىمنىڭ تەشكىلىي
سىستىمىسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتى
ھەم گۇناھى قاتارلىقلارنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ يېڭى شىن-
جاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى كېرەكلىك ئادەم بولۇپ ئۆزگىرىشىنى
تېزلىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

2. تەشكىلى. ئالاقىلىشىش بۆلۈمى جۇڭگو خەلق ئازاد-
لىق ئارمىيەسى 2 - جۈننىڭ سىياسىي بۆلۈمىگە قارايتتى.
سىياسىي بۆلۈم قارمىقىدىكى تۆت بۆلۈمچىنىڭ (تەشكىلات، تەش-

ۋىتا-. قوغداش، ئالاقىلىنىش بۆلۈمى) بىرى بولۇپ، تۈزۈن دەرىجىلىك ئورۇن ئىدى. ئۇ يەردە تەربىيەلىنىدىغانلار مۇنتەزىم ئىسىملارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى بويىچە قاتتىق باشقۇرۇلاتتى. ئەر - ئاياللارنىڭ كىيىمى ئوخشاشلا ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كىيىمى بىلەن بىردەك ئىدى.

ئالاقىلىنىش بۆلۈمىدە بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى (ئىز چاغدا چاڭ شىكاڭ بۆلۈم باشلىقى ئىدى). ئىش بېجىرگۈچى، ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچى ۋە بىر قانچە ئەترەت كادىرلىرى بار ئىدى. ئەترەتتە بىر نەپەر ئەترەت باشلىقى، بىر نەپەر سىياسىي يېتەكچى بولاتتى. ئۇنىڭ قارمىقىدا يەنە بىر نەچچە گۇرۇپپىمىز بار ئىدى. گۇرۇپپىدا بىر نەپەر گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، بىر گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلار 30 دىن 40 نەچچىگىچە (1951 - يىلى ئەترەتتە رازۋېدلىق ئەترەت باشلىقىدىن ئىككىسى كۆپەيتىلگەن) ئىدى.

ئالاقىلىنىش بۆلۈمى 1950 - يىلىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. يىغىپ تەربىيەلەش سىنىپى بېگىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا (بۇ يەر بۇرۇنقى يىللاردا مانا ئىلسىنىڭ قورۇسى دەپ ئاتىلاتتى. ھازىر يېزا ئىگىلىك 3 - شى 41 - تۇەندىن - مەيدانىنىڭ چاڭجىۋېيى تۇرۇشلۇق جاي) قۇرۇلغانىدى.

3. ئوقۇغۇچىلار. ئوقۇغۇچىلار تەخمىنەن مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ (ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۇلارنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ ئىدى. ئۇلار ئومۇمىداكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىن كەلگەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئارمىيە. ساقچى، ئالاقىدە خىزمەت سائەسىدە ئىشلىگەن ھەق-

ئەتكە قايتقان خادىملار (لەنجۇدىن كەلگەن خادىملىرىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) بولۇپ، ھەربىلەر ئىچىدە يۇقىرىسى شاۋ- جياڭ، بىرىنگادا كوماندىرى، تۆۋىنى شاۋۋېيى، پەيجاڭ قاتار- لىقلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ خىل ئارمىيە خادىملىرىمۇ بار ئىدى. مەمۇرىي خادىملار ئىچىدە يۇقىرىسى ۋالىي، تۆۋىنى بۆلۈم ئەزالىرى بار ئىدى. خەلق ئىشلار، مالىيە، قۇرۇلۇش، مائارىپ، ساقچى، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف، دىپ- لوماتىيە ئورۇنلىرى قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە پار- تىيە ئالاھىدە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر قايسى بۆ- لۈملەرنىڭ خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۆلۈم باشلىقى جاڭ شىكاڭ يۇمۇرلۇق ھالدا: «ئالاقىلىشىش بۆلۈمى ئىختى- ساسلىق كىشىلەرنىڭ توپلانغان ماكانى» دىگەن ئىدى.

4 . ئەترەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى. تەربىيىلەشنى باشقۇرۇشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ئەترەت تۈزۈلۈشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى بويىچە ئالاقىلىشىش بۆلۈمى 6 ئەترەتتىن تۈزۈلگەنى- دى (ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى). شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇ- غۇچىلار ئۆتكەندە كومىنداڭنىڭ پارتىيە، ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا شۇغۇللانغان ئىش خاراكتېرىنىڭ ئوخشاشلىقى يا- كى شۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۆلچەم قىلىنغان ھالدا بىر كوللېكتىپ قىلىپ ئايرىلغان ئىدى. مەسىلەن: بىرىنچى ئەت- رەتتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەسكەرگە باشچىلىق قىلغانلاردىن؛ ئىككىنچى ئەترەتتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي خىز- مەت خادىملىرىدىن؛ ئۈچىنچى ئەترەتتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئالاھىدە خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن؛ تۆتىنچى ئەترەت-

تېكىمىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سانچىلىق قىلمىغانلاردىن؛ بەشىنچى ئەترەتتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇغۇللانغان ئىش خاراكتېرى تازا ئېنىق بولمىغانلاردىن؛ ئالتىنچى ئەترەتتىكىلەر بولسا ئاياللار ۋە ئائىلە تاۋاباتلاردىن تەركىب تاپقانىدى.

٢. ئۆگىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش. ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن 1950 - يىل كۈزدە ئالاقىلىشىش بۆلۈمىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەر قايسى ئەترەتلەردىن تەشكىللەنگەن ئۆگىنىش - ئىشلەپچىقىرىش ھەيئىتى قۇرۇلغانىدى. بۇ ھەيئەت بۆلۈم باشلىقىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر قايسى ئەترەتلەرنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا ھەمكارلىشاتتى. ئۇزاققا بارمايلا ھەر قايسى ئەترەتلەردىن سايلاپ بېرىلگەن 5 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن تەشكىللەنگەن ئۆگىنىش ھەيئەتلىرى قۇرۇلدى. بۇلار سىياسىي كومىسسارنىڭ رەھبەرلىكىدە، بۆلۈمدىكى ئۆگىنىش ھەيئىتىنىڭ ھەمكارلىقىدا، پۈتۈن ئەترەتنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئەھۋالىنىڭ قانات يېيىشىنى ئالغا سۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، گۇرۇپپىلاردا ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، ئوقۇغۇچىلار سايلاپ بەرگەن بىر ئادەم گۇرۇپپا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، پۈتۈن گۇرۇپپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى. ئەمەلىيەت بۇ ئىككى تەشكىلىي تۈزۈمنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇلارنى ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن: مەندەك ئەزەلدىن پىيادە يول يۈرۈپ باقمىغان، ئەمگەك قىلىشنى بىلمەيدىغان، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان.

كىشىلەر پارتىيىنىڭ تەربىيىسى ۋە ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرۇشى
ئارقىلىق تەدرىجى ھالدا ئەمگەكنى سۆيىدىغان، جاپادىن قورق-
مايدىغان، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقمايدىغان، باشقىلارغا يار-
دەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ياخشى ئادەتنى يې-
تىشتۈردۈم. 1951 - يىل ئەتىياز بىلەن ياز پەسلى ئارىلىقى-
دىكى مەزگىل بولۇپ، شال تېرىش بىلەن جىددىي شۇغۇللىنىۋاتات-
تۇق. مەن ئەترەتتە سۇ تۇتۇشقا مەسئۇل بولدۇم. مەن ئۇدا
60 سائەت ئېتىزدىن قايتماي ئىشلەۋەردىم. سىياسىي كومىسسار
ئۆزىنىڭ خەۋەرچىسىنى ئىككى قېتىم تېپىشقا ئەۋەتىش ئارقى-
لىق قىلىۋاتقان ئىشىمنى ئۈنۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرىغان
بولسىمۇ، مەن ياخشى گەپلەر بىلەن رەت قىلىپ، تېرىشچانلىق
ئاياغلاشقىچە ئورنۇمدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋەردىم. بۇنداق
ئىزچىل ئەمگەك قىلىش غەيرىتىمنى ئالقىشلىغان بۆلۈمگە يې-
ڭىچى كەلگەن چاغدىكى ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەقىقە-
تەنمۇ ئاسمان - زېمىن پەرق قىلاتتىم.

6 . ھەممىگە ئوخشاش قاراش. قەدىردان جۇزۇڭلى «كوم-
مۇنىستلار ئۆز لەۋزىدە تۇرۇشى كېرەك» دېگەنىدى. 1949 - يىل
9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، گېنېرال تاۋسىيۇ شىنجاڭدا تىنچلىق بى-
لەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلغان چاغدا، ھەقىقەتكە
قايتقانلاردىن كومىنداڭ تەشۋىقاتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭ-
قۇر ئۇچرىغان ئازسانلىق كىشىلەر ئازادلىق ئارمىيە بىزنى
ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ دەپ گۇمان قىل-
غانىدى. شۇ سەۋەبتىن قىسىم ئىچىدە تەۋرىنىش بولغانىدى. دەل
مۇشۇنداق داۋالغۇش بولۇۋاتقان پەيتتە، تاۋسىيۇ بىلەن پېڭ
دېخۇەينىڭ كەنسۇ جۇچۈەندە ئىمزالىغان «پېڭ دېخۇەي-تاۋ-

ـسىيۇكىلىشىمىز» ئاشكارا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا دېمەك نەققەتكە
قايتقانلارغا تەمىناتتا ئازادلىق ئارمىيە بىلەن ئوخشاش
مۇئامىلە قىلىنىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەنىدى. شۇنىڭ بى-
لەن گۇمان ئايدىڭلىشىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بول-
دى. دېمەك، پاكىت كومىنىستلارنىڭ ئۆز لەۋزىدە تۇرىدىغان-
لىقىنى ئىسپاتلىدى. ھەقىقەتەنمۇ قايتقان خادىملارغا تەمىناتتا
ئازادلىق ئارمىيە چەگرىسى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىن-
دى. مەن ئائىلەم جىيالىڭ جاۋجۇۋا بىلەن ئالاقىلىشىش بۆلۈمىدە
ئۆگىنىش قىلىۋاتقىنىمىزدا، ئوقۇغۇچىلار بىلەن تەڭ تەمىنات-
تىن بەھرىمەن بولغاندىن باشقا، يەنە گومىنداڭنىڭ جاۋجىيا-
ڭى ۋەشاڭشىياۋسى دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولدۇق.
بالىلىرىمىز ئازادلىق ئارمىيە پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆلچىمى بو-
يىچە تەمىنات تۈزۈمىدىن بەھرىمەن بولدى.

7. سىياسىي ھەرىكەت. (1) ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش.
1951 - يىل مەملىكەت بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى
باستۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئالاقىلىشىش بۆلۈمىمۇ
بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. بۇ ھەرىكەت جەريانىدا 6 نەپەر ئو-
قۇغۇچى قولغا ئېلىندى. ئۇلار ئەسلىدىكى ۋەزىپە ئۆتىگەن
ئورنىغا يالاپ بېرىلىپ، ئەمما ئالدىدا ئۇلارنىڭ جىنايى قىلا-
مىشلىرى ئېلان قىلىنىپ، دەرھال ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئو-
لار 3 - ئەترەتتىكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى خاۋدىڭبالىڭ،
مۇئاۋىن ۋالىيلىرى ئەن شياۋ شيەن، ۋاڭ چاۋجى، گۇما ناھى-
يىسىنىڭ ھاكىمى جاڭ يۇفېڭ، ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ كا-
تىپلىرى ھېكىم قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق جىنايىتى

نەق ئەكسىلئىنقىلابىي قىلمىش ئىدى. يەنە بىرى، بىرىنچى ئەترەتنىكى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 65 - بىرىگادىنىڭ يەكەن ئاتامىق تۇەنىدە تۇرۇشلۇق شاۋۋېي دەرىجىلىك پەيجاڭ دۇشاۋخوا بولۇپ، ئۇ يەكەندىكى بولاكچىلارنىڭ باشچاۋابكارى ئىدى. (2) ئۆچكە قارشى ھەرىكەت. ئالاقىلىشىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ شىكاڭ 1949 - يىل 9 - ئايدا ئۆزىنىڭ خەۋەرچىسىنى ئېلىپ، ئۆز ئالدىغا ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن كومىنداڭنىڭ گەنسۇ جوجۇەندىكى قوماندانلىق شتابىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى چىقارغان، بىر پاي ئوق چىقارماي. قان تۆكمەيلا جۇچيۇەننى ئازاد قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنىكەن، 1952 - يىل 2 - ئايدىكى 3 كە قارشى ھەرىكەتتە جاڭ شىكاڭ تۇرمۇش ئىستىلىدا خاتالىق ئۆتكۆزدى. رەھبەرلىك «كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۆتكۆزگەن سەۋەنلىكىدىن چوڭ» دەپ ئۇنىڭ يۈزىگە ھەل بېرىپ ئولتۇرمىدى، جۈن باشلىقى گوفېڭ ئالاقىلىشىش بۆلۈمىگە ئۆزى كېلىپ، يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى قەتئىي پاش قىلىپ، دەلىل-ئىسپاتلارنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويدى. گوفېڭ نەق مەيداندىلا جاڭشىكاڭنىڭ بۆلۈم باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى، قوغداش بۆلۈمىگە ئەۋەتىلىپ مەسىلە تاپشۇرىدىغانلىقىنى، تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىشىنى كۈتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چىن چۇنلىننى ئالاقىلىشىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە ئەۋەتتى. مانا بۇلار كومپارتىيە ۋە خەلق ئازادلىق

ئارمىيىسىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى تولۇق كەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

## مەركەزدىكى باشلىقلارنىڭ قوبۇل قىلىشى

1983 - يىل 9 - ئايدا مەن بەختلىك ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەن يۈۋېن، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىرى چېن سېيبو، ئىبراھىم مۇتىئىي يولداشلارنىڭ باشچىلىقىدا بېيجىڭ، تيەنجىن، نەنجىڭ، ۋۇشى، سۇجۇ، خاڭجۇ، فۇجۇ، چۇەنجۇ، شيامېن، شاڭخەي، شىئەن قاتارلىق 11 شەھەرگە بېرىپ ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. جەمئىي 14 ئۆلكىگە بېرىپ 27 مىڭ چاقىرىمدىن كۆپرەك مۇساپىنى باستۇق. ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋاقتىمىز 58 كۈن بولدى.

بېيجىڭدە ئېكسكۇرسىيىدە بولغان چېغىمىزدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ جېن، ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى يۈ چيۇلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ جىڭرېن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گومىنداڭ ئىنقىلابىي مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ ۋۇ قاتارلىقلار 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلدى ۋە زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ۋاڭ جېن 1949 - يىل «25 - سىنتەبىر» دىكى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە

قايتىلىشىغا يۈكسەك باھا بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «سىلەر-
نىڭ شىنجاڭنىڭ ھەققىدىكە قايتىشىدا تۆھپەڭلار بار. خەلق
سىلەرنى ئۇنۇتمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى سىلەرنى
تېخىمۇ ئۇنۇتمايدۇ». باشلىقلارنىڭ بىزگە بەرگەن مۇنداق سە-
مىمىي ئىلھامى قەلبىمىزنى ھاياجانلاندۇردى. ئېكسكۇرسىيە-
ئۆمىكىمىز بارغانلىكى جايدا، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى
رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. 10- ئاينىڭ 27-
كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كې-
ڭەش، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى قاتارلىق ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ
رەھبەرلىرى بىزنى قوبۇل قىلدى ۋە قارشى ئالدى. بۇ ئىش بىز-
نى چەكسىز خۇشال قىلدى. بۇ، پارتىيە ۋە خەلق بىزگە بەرگەن
زور ئىلھام ۋە تۈرتكە، بىز روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆتكەندىكى
د قېرىلىق يەتتى، ئاخىرقى كۈنلىرىمىزنى ئارامخۇدا ئۆتكۈز-
گىنىمىز ياخشى، تولىمىزدىن ئەمدى ئىش كەلمەيدۇ » دەيدى-
غان كونا نۇقتىئىنەزەرلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، قېرىساقمۇ جاسا-
رىتىمىزنى ئاشۇرۇپ، غەيرىتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، سوت-
سىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى،
ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش ئۈ-
چۈن، مەركەزنىڭ غەربىي شىمالىنى ئېچىشتىن ئىبا-
رەت ستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش
ئۈچۈن، گۈللەپ - ياشنىغان يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشى-
لىك كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىمىز، بۇ قېتىم ئېكسكۇرسىيە ۋە

زىيارەتتە بولغانلىكى جايدا ئاڭلىغانلىرىمىز، كۆرگەنلىرىمىز كۆپ، تەسىراتىمىز چوڭقۇر بولدى. بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ، ھازىرقىغا نەزەر تاشلاپ تېخىمۇ ئىلھاملاندۇق. ھازىر بىرنەچچە مىساللار ئارقىلىق تەسىراتلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

## 1 . گۈللەپ-ياشناۋاتقان ۋەتىنىمىز

(1) باۋشەن پولات-تۆمۈر زاۋۇتى. دۇنياغا مەشھۇر شاڭخەي باۋشەن پولات - تۆمۈر زاۋۇتى-دۆلىتىمىز 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇش باشلىغان ئەڭ چوڭ بىرلەشمە پولات-تۆمۈر تاۋلاش كارخانىسى. دۆلەت بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن 20 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغانىكەن. ھازىر بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش ئۈچۈن 12 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلىپتۇ. ھازىر (1983 - يىلى) بار بولغان ئىشچى - خىزمەتچى 35 مىڭ ئىكەن (ئىككىنچى قارارلىق قوبۇل قىلىنىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ياپونىيىدىن كىرگۈزۈلگەن زامانىۋى يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلەر بىلەن قوراشتۇرۇلۇپتۇ. ئاۋستىرالىيىدىن 100 مىڭ توننا رودا تاش بېسىپ كەلگەن چوڭ تىپتىكى يۈك پاراخوتى دەريا ئوتتۇرىسىغا سوزۇلغان يۈك چۈشۈرۈش پىرىستانىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن 14 سائەت ئىچىدىلا رودىلار چۈشۈرۈلۈپ، رودا ئامبىرىغا يەتكۈزۈلۈپ دۆۋىلەندى. پىرىستانغا بىر قېتىمدىلا 36 توننا يۈك يۆتكىيەلەيدىغان ئون نەچچە چوڭ كوپشا بېكىتىلگەن بولۇپ، سائىتىگە بىر مىڭ سەككىز يۈز توننا رودا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان يۆتكىگۈچ ... رىمىن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن . ئۇلار پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈر-

گەن. باۋشەن پولات - تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى پېچلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 113.7 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان قويۇق ئىس ھاۋانى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدىكەن. ئۇلار ئېگىز تۇرخۇنلارغا بەزى ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىپ ئورنىتىپ، ئىس - تۇزانلارنى يىغىۋېلىپ، بۇلغىنىشنى ئازايتىپ، پېچنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كۆچەيتكەن. يىغىۋالغان ئىسلارنى سېمونت ياساشنىڭ خام ئەشياسى قىلىپتۇ. سېمونتنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى يېرىم مىليون 400 مىڭ توننىدىن ئېشىپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئوتقا چىداملىق خىش ياساپ، بىر چالما بىلەن ئىككى پاختەكنى سوقۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ سانائەت قۇرۇلۇشىدا يىپ - يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈۋېتىپتۇ.

(2) ۋاڭجۇاڭ كۆمۈرچىسى. بىز ۋۇشى شەھەر ئەتراپىدا يۇنەندىكى ۋاڭ جۇاڭ كۆمۈرچىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتىنىڭ چەكسىز توغرىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ئەگەر بۇلار ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىنسا، دەرھال ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدىكەن.

ۋاڭ جۇاڭ كۆمۈرچىسىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى ياش ۋە غەيرەتلىك بولۇپ، كەسپىي بىلىمى بار، كەمتەر، كەڭ قورساق، «ئوقۇمۇشلۇق» ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭدىن يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، ھەم ئەمەلىي ئىشلەش روھىغا ئىگە، ھەم ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش بىلىمىگىمۇ ئىگە بولغاچقا، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك ئىكەن. كۆمۈرچىدا يېزا ئىگىلىك شىركىتى ۋە باشقا ھەر خىل شىركەتلەر بولۇپ، ئاساسلىق دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ماشىنىلاشقان، 80% كۆمۈرچى ئەزاسى سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ،

بېلىقچىلىق ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. 1982 - يىلدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 3 مىڭ 500 يۈەن-دىن ئارتۇق بولغان (شەخسلەرنىڭ قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى-نى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). پىنسىيىگە چىققان كىشى ئەزالى-رىنىڭ پىنسىيە پۇلى بار ئىكەن. ھەقسىز داۋالىنىدىكەن. بالى-لار يەسلىسى، بالىلار باغچىسى، باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەقسىز ئوقۇيدىكەن. جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشى پۈ-تۈنلەي كومپارتىيىنىڭ ياخشى رەھبەرلىكىگە تايانغانلىقتىن بولغان.

## 2. تەيۈەنگە قارىتىلغان خىزمەت ھەققىدە

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى دېڭ يىڭچاۋ مۇن-داق دېدى: «فۇجيەن — ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى ئاسا-سىي بازا.» ھەقىقەتەنمۇ فۇجيەنلىكلەر بىلەن تەيۈەنلىك قې-رىنداشلار قان - قېرىنداش، تىلى بىر - بىرىگە يېقىن، ئۆرپ-ئادىتى ئوخشاش. تەيۈەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى-نىڭ 80 پىرسەنتى فۇجيەنلىك. فۇجيەننىڭ تەيۈەنگە قارىتىل-غان خىزمەت شارائىتى ئەۋزەل، تەسىرى چوڭ. ئۇنىڭ ياخشى ئىكەن. فۇجۇدا ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋالىي بولغان بىر كىشى بو-لۇپ، ئۇ ھازىر تەيۈەندە ئىكەن. ئۇ بالىلىرىغا ئىلگىرى - ئا-خىر بولۇپ تۆت پارچە خەت يازغان، بىرىنچى پارچە خەت ئۇ-نىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىۋاتقان بالىسىغا يېزىلغان. ئۇنىڭدا «ئازراق پۇل تاپسىلا تەيۈەنگە ئوڭاي بارغىلى بولىدىغان-

لىقى » نى ئېيتقان. 1972 - يىلى سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن-
دىن كېيىن، ھېلىقى ۋالىي بالىسىغا يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ
« خاتىرجەم ئىشلەپ، كېرەكلىك ئادەم بولۇپ چىقىش » نى جې-
كىلىگەن. ئۈچىنچى پارچە خېتىدە، بىر كۇپلېت شېئىر يازغان.
ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: « ئۈچىنى قۇشلار قاراپ يۇرتىمىغا،
چۈشتۈر مېھرىنى ئېلىپ بالامغا، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ ئەجىر
قىلساڭ، ئۇچرىشارمىز ئاخىر جەم بولۇپ خوشاللىقتا ». تۆتىن-
چى خېتىدە، ئۇ بالىسىغا 10 مىڭ يۈەن پۇل ئەۋەتكەن. خەتتە
مۇنداق دېيىلگەن: « بالام، مەن ئۆلۈپ كەتكەندە ئاپاڭنىڭ
يېنىدا يېتىشىم ئۈچۈن ئاپاڭنىڭ قەۋرىسى
قېشىدىن بىر كىشىلىك يەرلىك ئېلىپ قويغىن ». بۇلاردىن
تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئانا تۇپراققا بولغان چوڭقۇر مۇ-
ھەببىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيەسىنىڭ تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەتتىكى زور تەسىرىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئارىلىق يېقىن بولسىمۇ كۆرۈشەلمەسلىك.
1983 - يىل 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بىز شامېندىن ئاپ-
توموبىلغا ئولتۇرۇپ، فۇجيەن ئالدىنقى سېپىدىكى كۆزىتىش
پونكىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. تاغ چوققىسىدىكى كۆزىتىش ئور-
نىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ياش پونكىت باشلىقى ئالدىمىز-
غا نۇرغۇن خەرىتىلەرنى يېيىپ بىزگە مازۇ، داجىڭمەن، شياۋ-
جىڭمەن، يىدەن، ئېردەن، ساندەن، سىدەن، ۋۇدەن قاتارلىق
جايلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. كېيىن يەنە ئىككى دۇربۇ-
نى توغرىلاپ، بىزنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمىزنى ئېيتتى. قارشى تە-
رەپنىڭ پوتەي، چوڭ - كىچىك مۇداپىئە ئاكوپلىرى ۋە كىشىلەر-

ڭ پارلاق دەرىجىدە تالىرى، ھەم ئۇلارنىڭ كېيىمىدىكى تۇگمە-
لىرىنىڭ رەڭگى قاناتلىرىنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمىزدا نا-
مايەن بولدى. پونكىت باشلىقىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىككى تە-
رەپنىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر كېلىدىكەن. ئەل ئايىغى
بېسىقتا ئىدا تۇخۇلارنىڭ چىللىشى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشىنى ئاڭلى-
غىلى بولىدىكەن. لېكىن ئىككى قىرغاقتىكى
قېرىنداشلار ئۆز ئارا بېرىش-كېلىش قىلالمايدىكەن.
ھەقىقەتەن ئارىلىق يېقىنۇ. ئەمما كۆرۈشەلمەسلىك دېگەن مانا شۇ!
بەختىمىزگە يارىشا 1979-يىل مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتى تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا خىتابنامە ئېلان قىلغاندىن
كېيىن، غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. ھازىر تەيۋەنلىك قې-
رىنداشلاردىن چوڭ قۇرۇقلۇققا كېلىپ تۇغقان يوقلايدىغانلار
بارغانسېرى كۆپەيدى. كومىتېتنىڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنت-
لىقىنىڭ شياڭگاڭ شۆبىسىدە رۇشلۇق باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە،
فۇجيەنگە تۇغقان يوقلاشقا كېلىدىغان تەيۋەنلىك قېرىنداش-
لارنىڭ سانى بىر نەچچە مىڭغا يېتىدىكەن. 1982 - يىل بېلىق-
چىلاردىن دەھشەتلىك بورانغا قارىماي، قىرغاققا يېقىنلاشقان
لار ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، تۇغقان يوقلاشقا كېلىپ ئول-
تۇراقلىشىپ قالغانلار 55 كىشى ئىكەن. تەيۋەنلىك قېرىنداش-
لارنىڭ قەلبى ۋەتەنگە تەلپۈنىدۇ. تارىخىي تەرەققىياتنىڭ بۇ
ئېقىمىنى توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس!

ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە سۆيۈملۈك كىشىلەر بار.
ئىزلۇق ۋەتىنىمىز تۆت مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق، شان-
لىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بولۇپ، ئەزەلدىن قائىدە-يو-
سۇن بىلىدىغان، گۈزەل ئەخلاققا ئىگە دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بىز بېيجىڭ بادا-
ڭنىڭ سەددىچىن سېپىلىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ دەل يام-

غۇردىن كېيىنلا ھاۋا ئېچىلغان ۋاقىت بولۇپ، يول تېيىلغاق
ئىدى، ساياھەتچىلەرنىڭ چوققىغا چىققىسى كەلمەيتتى. مەن ئۆ-
زەمگە ئىلھام بېرىپ، ئون پەلەمپەي يۇقىرى ئۆرلىدىم. ئارقا-
دىن بىر جۈپ ئەر - خوتۇن 3 - 4 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز-
چاقنى يېتىلىگىنىچە يېنىمغا كېلىپ، چوققىغا قاراپ يالغۇز چى-
قىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، بالىسىنى ئېرىگە تۇتقازدى - دە، مې-
رىبانلىق بىلەن: «مەن سىزنى يۆلەپ چىقىرىپ قوياي، بۇنداق
تىك يەردىن شۇنچە ياشانغان تۇرۇقلۇق قانداق چىقالايسىز؟»
دېدى. مەن «ئۆزەم چىقالايمەن. ياخشى نىيىتىڭىزگە رەھمەت،
سىز بېرىپ كىچىك بالىڭىزنى يۆلەڭ» دېدىم. ئۇ قەتئىي ئۇ-
نىماي مېنى ئەڭ ئېگىز پەلەمپەيگىچە يۆلەپ ئېلىپ چىقتى. بىز
ئايرىلىدىغان چاغدا، ئۇ ماڭا قايتا - قايتا جىكىلەپ: «بوۋا-
پەسكە چۈشىدىغان چاغدا ۋادىككە يۆلىنىپ مېڭىڭ جۇمۇ!» دېدى.

تۇغقىنىم ياكى ئاغىنەم بولمىغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ماڭا
قىلغان مېھرىبانلىقى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى ۋە ئېسىل-
پەزىلەت. قائىدە-يوسۇنلىرىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە جارى بو-
لۇۋاتقانلىقىنى، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئۈمىد بار-
لىقىنى، ئىقتىسادىمىزنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش ئا-
لدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىنقىلاب تېخى تولۇق مۇۋەپ-
پەقىيەت قازانغىنى يوق، يولداشلارنىڭ يەنىلا تىرىشچانلىق
كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. مەن گەرچە ياشىنىپ، مادارىم قا-
لمىغان بولسىمۇ، ئىرادەمدىن يانماي ئاخىرقى غەيرىتىمنى ئۇر-
غۇتۇپ، ۋەتەننىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە ۋە-
تەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا بارلىق
كۈچۈمنى بېغىشلايمەن!

# قەشقەردىكى «ئىككى ما» ۋەقەسى

تەھرىردىن: مافۇشىڭ بىلەن ماشاۋۇ قەشقەردىكى «ئىككى ما» دەپ ئاتالغان. ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە بۇ ئىككەيلەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قەشقەردە 20 يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن ھەمدە قەشقەردە بىر قەدەر زور تەسىرگە ئىگە ئىدى.

يېڭىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى دېڭ جىچاڭ (76 ياشلىق خۇيزۇ بوۋاي) بىلەن ماشاۋۇنىڭ بەشىنچى قىزى مالىچۇ (قەشقەر شەھەرلىك خەلق باغچىسىنىڭ بوغالتىرى بولۇپ، ھازىر پېنسىيىگە چىققان) نىڭ ئاغزاكى سۆزلەپ بېرىشىگە ئاساسەن بۇ ماتېرىيالنى يېزىپ چىقتۇق.

## 1 . مافۇشىڭنىڭ ئەينى يىللاردا روناق تېپىشى

مافۇشىڭ خۇيزۇ، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ خۇاپىڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، 1866 - يىل تۇغۇلغان.

مافۇشىڭ بەستلىك ۋە كۈچتۈڭگۈر ئادەم ئىدى. ئۇ بالىلىق ۋاقتىدىلا چامباشچىلىققا ئامراق بولۇپ، چامباشچىلىق سەنئىتىنى ياخشى ئىگىلىگەنلىكتىن، شۇ ۋاقىتتىكى يۈننەننىڭ دوتەيى مافۇلۇغا ياراپ قېلىپ، ئۇنى قول ئاستىدا قوۋۇقدارلىققا (مەنچىڭ قوشۇنى ئىچىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ھوقۇق) قويغان. شۇ پەيتتە، مافۇشىڭ يۈننەنلىك بىر قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئالغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، خان ئوردىسى چې-
رىكلىشىپ كەتكەنلىكتىن، جاھانگىرلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلى-
نىپ زوراۋانلىق بىلەن تاجاۋۇز قىلغان. 1900 - يىلى 8 دۆلەت
بىرلەشمە ئارمىيىسى ھۇجۇم قىلىپ بېيجىڭنى بېسىۋالغان. سىشى-
تەيخۇ ھودۇقۇپ كېتىپ شىئەنگە قېچىپ كەتكەن. يۈننەننىڭ
دوتىيى مافۇلۇ مافۇشىڭنىڭ چامباشچىلىق سەپتىنىڭ يۇقى-
رى، جەڭ قىلىشقا ماھىر باتۇر ئەسكەرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ
ئۇنى سىشىتەيخۇنىڭ سەپەر قوغدىغۇچىسى قىلىپ ئەۋەتىپ بەر-
گەن («سانجىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»دىن ئېلىندى).
سىشىتەيخۇ شىئەنگە بارغاندىن كېيىن، گۈەندىمياۋ بۇتخانى-
سىغا كۈجە ياققىلى بېرىپ، بۇتخانىدا ئېغىرلىقى يۈز جىڭ كەل-
گىدەك قىلىچ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «نېمە دېگەن ئېغىر قىلىچ
بۇ. قانداق ئادەم بۇ قىلىچنى كۆتۈرۈپ ئىشلىتەلەيدىغاندۇ؟»
دەپ پىچىرلىغان. مافۇشىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سى-
شىتەيخۇغا ياخشى كۆرۈنۈشنىڭ پۇرسىتى كەلدى دەپ ئويلاپ،
قىلىچنى قولىغا ئېلىپ ئەركىن ھالدا پۇلاڭلىتىپ ئوينىغان.
رەڭگى قىلچىمۇ ئۆزگەرمىگەن. سىشىتەيخۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:
«نېمە دېگەن كۈچ - بۇ! نېمە دېگەن كۈچلۈك! ھەقىقەتەن باتۇر
ئىكەن» دەپ قايتا - قايتا ماختاپ، شۇ ھامان مافۇشىڭنى خې-
نەننىڭ مەسلىھەتچى سەركەردىلىكىگە تەيىنلىگەن. مافۇشىڭ خې-
نەننىڭ مەسلىھەتچى سەركەردىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان
مەزگىلدە، خېنەندىن ئۆزىگە يەنە بىر خوتۇن تاپقان. كېيىن
يەنە خاڭجۇلۇق بىر ئايال بىلەن يېتىشىپ قويغان. بۇ خاڭجۇ-
لۇق ئايال دەل كىشىلەر ئېيتىشىپ يۈرگەن جېجىياڭلىق خوتۇننىڭ
ئۆزى شۇ.

شۇ ۋاقىتتا خېنەندىكى فۇتەينىڭ بەگزادىسى ئۆز دو-
ستىغا تايىنىپ پۇقرالارنى بوزەك ئېتىپ، ئاياللارغا چېقىلى-
شقان. پۇقرالار بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇۋالچىلىققا چى-
دىماي، دات - پەريات ئەيلىگەن. مافۇشىڭ غەزەپلىنىپ، بۇ
زورلۇق سۈلەت ھارامزادىسىنى تۇتۇپ كېلىپ قاتتىق ئۇرغان. بۇ
ئىش فۇتەي ئەزرەتلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بى-
لەن فۇتەي نۇرغۇنلىغان جىنايى پاكىتلارنى يالغاندىن تو-
قۇپ چىقىپ، خان ئوردىسىغا ئەرز سۇنغان. خان ئوردىسى ما-
فۇشىڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭغا پالىغان.

مافۇشىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن 20
چاقىرىم يىراقلىقتىكى 3 بۇلاق دېگەن يەردە ئولتۇراقلىشىپ
ھايات كەچۈرگەن (شۇ ۋاقىتتا بۇ يەردە بىر قانچە ئائىلە دېھ-
قانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇلارمۇ ئىچكىرىدىن يوشۇرۇن
قېچىپ كەلگەن ئوردا جىنايەتچىلىرى ئىدى). شۇ چاغدا مافۇ-
شىڭ ئۆزى يالغۇز بولۇپ، بۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچى-
لىق قىلغان. مافۇشىڭ بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپلا دېھقان ئا-
ئىلىسىدە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، تېرىقچىلىق قىلىشقا ماھىر
بولۇپ، تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن غەم قىلمايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي
لەنجۇلۇق بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ ئۆي - ئوچاقلىق
بولغان.

مافۇشىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن ئەسلى بىر يۇرتلۇق بولۇپ،
ئاددەتتە ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇ پۇقرالىرى بىلەن بېرىش - كې-
لىش قىلغاچقا، بۇ جايدىمۇ خېلى تەسىرى بار ئىدى. دەسلەپتە
ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا جاھاندارچىلىق قىلىش ئۈچۈن پات - پات
پۇل ياردەم قىلاتتى. كېيىن ياڭ زېڭشىن مافۇشىڭنى خۇيزۇ

ئەسكەرلەر يېڭىغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەن. مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن كۈچ چىقىرىپ، زور خىزمەت كۆرسەتكەن. ياڭ زېڭشىن مافۇشىڭغا ئادەتتىن تاشقىرى ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچلۈك قول چوماقى بولۇپ كەلگەن.

## 2. خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى قاقتى-سوقتى قىلىپ، ئوردا-ساراي ياسىتىش

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىندىن قالسىلا، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «ئىككىنچى گېنېرال» بولۇپ قالغان. چوڭ ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، مافۇشىڭ خەلقنىڭ نۇرغۇن مال-مۈلكىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىگە ئوردا-ساراي ياساتقان. 1911-يىلىنىڭ ئاخىرى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ليۇداۋخاڭ ئۈستىدە ئوردا-ساراي ياسىتىشقا كىرىشىپ، ئىككىنچى يىلى كۈزدە پۈتكۈزگەن. پۈتكۈل ئوردا-ساراي قۇرۇلۇشى 6 مودىن كۆپرەك يەرنى ئىگىلىگەن. تامنىڭ ھۇلىغا 100 تونىنا تاش كۆمۈر باسقان. ساراي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا 3 بۇلاق بولۇپ، بۇلاق ئەتراپى بوستانلىق، ناھايىتى تىنچ ئىدى. دەرۋازا تۈنىكە بىلەن قاپلانغان بولۇپ، مىس قۇيۇپ سېلىنغان. دەرۋازا ئالدىغا تاشتىن ياسالغان ئىككى شىرنىڭ ھەيكىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىككى تەرىپىدىكى تام ئاقارتىلغان بولۇپ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك تۈس ئالغان. سارايىنىڭ مەركىزىي رايونى ئەتراپىغا خىش-ياغاچتىن ياسالغان ھالقا شەكىللىك ئىككى قەۋەتلىك بىنا سېلىنغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ئىچكىرىدى-

كى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ پوسۇنىدا ياسالغان. سىرلىق كا-
ھىش بىلەن پىشايۋان چىقىرىلغان بولۇپ، ئىنتايىن كۆركەم
ئىدى. بىنانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياتاق ئۆيلىرىمۇ 70 - 80
ئېغىزدىن ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ ئۆيلەرگىمۇ كۆك كاھىش ئىش-
لىتىلگەن ئىدى. پۈتكۈل ئوردا - ساراي قۇرۇلۇشى ناھايىتى كات-
تا بولۇپ، ھەددى - ھېسابسىز پۇل سەرپ قىلىنغان.

ئىككىنچى سارايىنى مافۇشىڭ بۇرۇن تۇرغان 3 بۇلاق قى-
شلىغا ياساتقان بولۇپ، ئۇ لىمىي لىيۇۋداۋخاڭدىكى ساراي كۆ-
لىمى بىلەن تەڭ كېلەتتى. بۇ ساراي پۈتكەندىن كېيىن، ما-
فۇشىڭ بۇرۇن تاشلىۋەتكەن يۈنەن، خېنەن، جېجياڭلىق ئۈچ
خوتۇنىنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىپ، راھەت - پاراغەتتىن
تەڭ بەھرىمەن بولغان. شۇنىڭدىن تارتىپ، ما
ئائىلىسىنىڭ مال - مۈلۈكلىرى ھەددى - ھېسابسىز،
خوتۇن - بالىلىرى، ئېچى - ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ، ئېسىل تائام-
لارىيەپ، ئاۋار - دۆردۈنە بۇركۈنۈپ، ھەشەمەتلىك ئۆي - سا-
رايلاردا ياىراپ، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ-ساپا سۈرگەن.

### 3. مافۇشىڭنىڭ قەشقەردە ھوقۇق ئىگىلىشى

ياڭ زېڭشىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ ئۆلكىسى-
نىڭ مىرزىلىقىدىن بىرادە. شىنجاڭنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى مۇستە-
قىل تۇتىدىغان ئەمىرلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، توسال-
غۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ. ئىلى، قەشقەردىكى قارشىلىق كۆر-
سەتكۈچى كۈچلەرنى تازىلاش ۋە يوقىتىش، ئۇرۇمچىدىكى بۇ-
نىڭغا چېتىشلىق بولغان كۈزىتىلىدىغان كىشىلەرنى تۇتۇش ۋە قىرىش
ئۈچۈن، مىنگونىڭ 3- يىلى (1914- يىلى) مافۇشىڭنى قەشقەر-

نىڭ تىپتەي (ھەربىي ئەمەلدار) لىقىغا تەيىنلەپ، جەنۇبىي
شىنجاڭنى تىنجىتقۇچى سەركەردە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر
چاغدا، ليۇ ۋولىنەنى خوتەن تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئە-
مەلدارلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇلار ئايرىلىشىدىغان چاغدا، ياڭ
زىڭشىن، مافۇشىڭ، ليۇ ۋولىنەندىن ئىبارەت بۇ 3 ئادەم ھايات-
ماماتتا بىللە، جاپا - مۇشەققەتتىمۇ بىللە بولىدىغانلىقىغا ھەم-
دە ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئورتاق ھەم-
كارلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا قان چىقىرىپ قەسەم ئىچىشكەن.

مافۇشىڭ قەشقەرگە تىپتەي بولغاندىن كېيىن، ياڭ زىڭ-
شىننىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈ-
چۈن، كېلاۋخۇيچىلارنى تازىلاش باھانىسى بىلەن خەلقنى كەڭ
كۆلەمدە قىرغان. ياڭ زىڭشىننىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىگە نىسبە-
تەن تەھدىتى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈرلۈك باھانە - سە-
ۋەبلەر بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ياڭ زىڭشىن
ھاكىمىيىتى ئۈچۈن جېنىنىڭ بېرىچە غالچىلىق قىلىپ ياڭ
زىڭشىننىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. مافۇشىڭ تايانچىسى بولغاچ-
قا، ھېچنىمىدىن قورقماي، ئۆزىنى يەرلىك خاقان قىلىۋالغان.
ئۇ قەشقەرگە كېلىپلا، ساراي سالدۇرغان. كېيىنچە ھەر ناھىيە-
سىدە ئۆزى ئۈچۈن ئۈچ قەۋەتلىك بىر قانچە يۇرۇش ئۆي سال-
دۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىكى تۆت خوتۇنىنى بىراقلا ئەكەلدۇرۇپ، ئەيش-
ئىشرەتلىك تۇرمۇش كۆچۈرگەن. «سەركەردە قورۇسىدا ئات-
لىقلار، ناخشا - ئۇسسۇل سادىسى، ئۇندا باردۇر تۈمەن بايلىق،
ھەم خوتۇن - قىزلار جىلۋىسى» مانا بۇ، مافۇشىڭنىڭ شۇ ۋا-
قىتتىكى چىرىك تۇرمۇشىنىڭ ئەينەن سۈرەتلىنىشى. يولداش.

بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن كىتابىدا ئە-
لەپ مۇنداق پاش قىلغان: «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 شەھەر-نىڭ تۇنجىسى بولغان قەشقەر شۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ-نىڭ تىنىچ ياكى مالىمان بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان جاي ئىدى. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، دىنىي ۋە مىللىي (ئۇيغۇرلارنى خۇيزۇلار ئارقىلىق باشقۇرۇش) مۇناسىۋەت ئارقىلىق كونترول قىلماقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېقى-نى بولغان مافۇشىڭنى قەشقەرگە تىيتەي قىلىپ ئەۋەتتى. مافۇشىڭ قەشقەردە زورلۇق زومبۇلۇق قىلدى. نۇرغۇن خوتۇن ئالدى. پۇقرانىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى ئاياغ - ئاستى قىلدى، ئومۇمنىڭ ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى. خەلق-نىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلدى. خىلمۇ - خىل جازا ۋاستىلىرىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ پۇت - قولىنى كەستى، كەلسە - كەلمەس قىرغىنچىلىق قىلدى. بۇ ئىشلارنى ياڭ زېڭشىن ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىمىغانغا سالدى».

تەخمىنەن 1915-يىللىرى مافۇشىڭ ھەربىي ۋە خەلقلەر-گە نەچچە مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقارغان. بۈگۈنكى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سوخۇ ئەتراپى-نى بىرىنچى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى قىلىپ بېكىتكەن. بۇ يەر كېيىنكى كۈنلەردە ماتائىلىسىنىڭ قورۇلۇش قىسىملىرى گازار-مىسى قىلىنغان. قورۇلۇش قىسىملىرى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ماتائىلىسى ئۈچۈن ھەدەپ ساراي سالغان. سارايىنىڭ كۆ-لىمى تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ئىچكىرى، تاشقىرى ھويلا دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. ئىچكىرى ھويلىدا كا-رىدور، شىپاڭ ھەممە مافۇشىڭ ھەربىي ماھارەت مەشق قىلى-

دىغان مەخسۇس مەشىق مەيدانى بولغان. سارايىنىڭ ئەترا-
پىدا مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ ھەممە يەر يې-
شىلزارلىققا پۈركەنگەن. بۇ سارايىنىڭ كۆلىمى ئۈرۈمچى شەھە-
رىدىكى ليوداۋخاڭ سارىيىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇ-
راتتى.

ماتائىلمىسى قوروسىنىڭ ئەڭ روناق تاپقان ۋاقتى بەلكىم
1916- يىللاردىن كېيىن بولسا كېرەك. مافۇشىڭ ئۆزىنىڭ
تۆت خوتۇنىنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ ئايرىم ھوجرىلارغا ئورۇن-
لاشتۇرغان. ماتائىلمىنىڭ سوخۇدىكى قوروسىدا تۇرۇشلۇقى
ئۇنىڭ خېنىملىك خوتۇنى ئىدى. بىر كۈنى مافۇشىڭ خوتۇنىنى
كۆرۈش ئۈچۈن بۇ ھوجرىسىغا بارغاندا. بۇ يەرنى سەيلە-تاماشا-
قىلىش ئۈچۈن تەكلىپكە بىنائەن كەلگەن موزدۇز (مافۇ-
شىڭنىڭ ياخشى دوستلىرىدىن) ۋە موزدۇزنىڭ خوتۇنى مۇشۇ
يەردە ئىكەن. مافۇشىڭ ئۇلارنى ھاراق - شاراپ بىلەن زىيا-
پەت قىلىپ راسا مېھمان قىلىدۇ. زىياپەت ئاياغلاشقاندىن كې-
يىن مافۇشىڭ مېھمانلارنى ماجىياڭ ئويناشقا تۇتۇۋېلىپ كەت-
كىلى قويمايدۇ. كەچ بولغاندا موزدۇز ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى خوش-
لىشىپ ياتماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا زىناخور مافۇشىڭنىڭ كۆڭ-
لى موزدۇزنىڭ چىرايلىق خوتۇنىغا چۈشۈپ قېلىپ، موزدۇزنى يالغۇز
يولغا سالىدۇ - دە، ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ قالىدۇ. موزدۇز
نائىلاج يالغاندىن ئۆيگە كەتكەن بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. قا-
راڭغۇ چۈشۈش بىلەن ماتائىلمىدە چىراقلار چاقنايدۇ. يەپ-
ئىچىش باشلىنىدۇ. موزدۇزنىڭ خوتۇنى مافۇشىڭغا ھاراق تۇ-
تىدۇ. مافۇشىڭ بىر نەچچە رومكا ئىچكەندىن كېيىن غەرق
مەس بولۇپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ. موزدۇزنىڭ خوتۇنى قەدەم تۇ-

تۇش ئاخشىمىنى توۋلاپ بەلگە بېرىدۇ. قورۇنىڭ سىرتىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان موزدۇز ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورۇغا ئوت قويۇۋېتىدۇ. موزدۇز باشچىلار ئوت ئۆچۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قورۇ ئىچىگە كىرىپ ئايالنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ قەشقەردىن ئايرىلىپ شىمالى شىنجاڭغا قېچىپ كېتىدۇ. ماتائىيلىنىڭ بۇ قورۇسى ئوت يالقۇنىدا كۆيۈپ خارابىگە ئايلىنىدۇ. (كەينىلارنىڭ راۋىيىتىدىن).

ما فۇشىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قاتتىق - سوقتى قىلىپ تاپقان پۇللىرىنى ئىشلىتىپ، ماتائىيلىنىڭ يېڭى ئۆۋىسىنى لەڭگەر (بۈگۈنكى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى)دە ياساتقان. بۇ سارايى تېخىمۇ كۆركەم، ھەشەمەتلىك بولۇپ، تامامەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلارغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان. سەككىز بۇرجەكلىك راۋاق، پېشايۋان، تۈۋرۈك قاتارلىقلار ئورنىتىلغان. ئەتراپىدىكى سۆگەتلىكلەردە ئۇچار قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان. كۆلچەك ئەتراپلىرى گۈل - گىياھلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئەتراپقا خۇشپۇراق چېچىپ تۇراتتى.

كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ما فۇشىڭ بۇ يەردە بىر قانچە ئىش قىلغان. مەسىلەن: يېڭىشەھەرگە بىر يېڭى مەدرىس سالدۇرۇپ ئاخۇنلارنى دىنىي دەرس بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. بۇ مەدرىستە 40-30 تالىپ ئوقۇيتتى. ئۇلارغا قۇرئان ئاساس قىلىنىپ باشقا دەرسلەرمۇ ئۆگىتىلگەن. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى — ئۆزىنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى تەسىرىنى كۈچەيتىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئىدى. ئۇ كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەرنى تۇتاشتۇرۇش، ماتائىيلىنىڭ يوللىرىنى راۋانلاشتۇ-

رۇش، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ۋە قوماندانلىق قىلىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، قەشقەردىن ماتائىلىنىڭ قورۇسىغا بارىدى-غان يولغا (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 3-شى 41-تۇەن شىتابى تۇرۇشلۇق ئورۇن) ئىككى چوڭ كۆۋرۈك سالدۇرغان. بۇنىڭ بى-لەن ئوبيېكتىپ جەھەتتە خەلققە ئوڭايلىق يارىتىلغان. قىزىل كۆۋرۈكنى ۋە يېڭى شەھەردىن چىقىپ دۆڭدىن چۈشىدىغان جايدىكى كۆۋرۈكنىمۇ مافۇشىنىڭ قەشقەردە تۇرغان چاغدا ياسات-قان (ھازىرقى ئازادلىق ئارمىيە دەلۇم قىسىم 18-تۇەنى تۇرغان يەرگە يېقىن). بۇ كۆۋرۈكلەردە تاكى ئازادلىقتىن كې-يىنكىچە ماشىنا قاتنايتتى. بۇ كۆۋرۈكلەر ئىچكىرىدىكى ياغاچ كۆۋرۈكلەر تەقلىدىدە ياسالغان بولۇپ. ياغاچنىڭ سۇ ئىچىدى-كى قىسمى چىرىپ كەتمەيدىغان قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان. كۆۋ-رۈكنىڭ تۈۋرۈكلىرى، لىملىرى ۋە كۆۋرۈك ئۈستىگە تېرەك ياغاچلىرى ئىشلىتىلىپ پۇختا ياسالغان بۇ كۆۋرۈك 30–40 يىل چىداملىق بەرگەن. يېڭىشەھەردىكى مافۇشىنىڭ تۇرالغۇ جايىنىڭ بىر تەرىپىگە (بۈ-گۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تۇرۇشلۇق جايى) بىر خۇيزۇ مەسچىتى سالدۇرغان. بۇنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ، سۈرلۈك بولۇپ مەخسۇس خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. بۇ مەسچىت مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى «تۆت كونا»نى بۇزۇشتا ۋەيران قىلىنغان. كۆ-نەشەھەر (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى) نىڭ مۇفالكوچىسىدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر مەسچىت ياساتقان. بۇ مەسچىت ھازىرغىچە شۇپېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا. مافۇشىنىڭ قىزىل كۆۋرۈكى ئەتراپىغا بىر قانچە بۇلاق كولاتقان. بۇ بۇلاق سۇ-لىرى سۈپ-سۈزۈك بولۇپ يىل بويى ئېقىپ تۇرىدىكەن. كىشىلەر بۇ بۇ-لاقنىڭ سۇلىرىنى ئىچىشىدىكەن ۋە شال ئېتىزلىرىنى سۇغىرىدىكەن.

## ٨. مانۇشكىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىكى سەۋەبلەر

مانۇشكىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىكى سەۋەبلىرى توغرىسىدا بىر قانچە تۈرلۈك رىۋايەت بار. بەزىلەر، مانۇشكىنىڭ قەشقەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ، پۇل-پۇچەكلەرنى بەتتەخەجلىك بىلەن بۇزۇپ-چاچقان. شەھۋانىلىقتا ئۇچىغا چىققان. ياخشى كىشىلەرنى خالىغانچە ئۆلتۈرگەن. بەزى بەگ-سىپاھلار ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن خوتۇن-قىزلارنى سوۋغىلاپ بەرگەن. مانۇشكىنىڭ خوتۇنى 10 دىن ئېشىپ كەتكەن. مانۇشكىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنىڭ ئەيش-ئىشرەتتە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن پۇلنى سامان نەرقىدە خەجلەپ، بىر ئايلىق ھەربىي راسخوتنى 7 كۈندىلا تۈگەتكەن. خەجلىگىلى پۇل قالمىغاندا يەرلىك ئەمەلدارلارنى قىستاپ پۇل ئالغان. بۇنىڭدىن يەرلىك ئەمەلدارلار نارازى بولۇپ كەتكەن. ئاقسۇ، قەشقەردىكى ئىبلاۋخۇيجىلار بىلەن بىرلىشىپ مانۇشكىغا قارشى غەۋغا چىقارغان. ياڭ زىڭشىن خەلقنىڭ دىلىنى تىنجىتىش ئۈچۈن ماشاۋۋۇنى ئەۋەتىپ، مانۇشكىنى پەم بىلەن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن دېيىشىدۇ.

يەنە بىر خىل ئېيتىملاردا، مانۇشكىنىڭ قەشقەرنى بېسىپ ياتقاندىن كېيىن، بۇرۇنقى تۆت خوتۇنىنى ئەكەلدۈرگەن. بۇ تۆت خوتۇننىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى جىجيا ئىسىملىق خوتۇن بولۇپ، ھەم چىرايلىق، ھەم ئەقىللىق، كەپچان، چىقىشقاق، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، كىشىلەر بىلەن كەلدى-باردى قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئەمەلدارلار ھەكىملىرىگە دائىم كىرىپ-چىقىپ يۈرىدىغان. كۆپنى كۆرگەن، بىلىملىك، ھەم تېپىلمىدىغان ئايال ئىكەن. مانۇشكىنىڭ كۆپ ئىشلاردا جىجيا ئىسىملىق خوتۇنىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىپ بېرىشىگە مۇھتاج ئىكەن. 192. - يىلى جىجيا ئىسىملىق خوتۇنى ما-

جيۇنني تۇتۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ماجيۇنني لەنجۇلۇق خو-
تۇنىنىڭ بېقىشىغا بېرىپ، ئۆزى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن جېجياڭ-
غا كېتىپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا، بىۋاستە تۇغقىنى، مىلىتارىست ساۋ-
كۇن زۇڭتۇڭ بولغانىكەن. ئۇ جېجياڭغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا
سوۋغات ئېلىپ بېيجىڭغا بېرىپ ساۋكۇننى يوقلاپتۇ. ساۋكۇن سوۋ-
غات ئېلىپ كەلگەن بۇ ئايالنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ، بۇ ئا-
يال ئارقىلىق مافۇشىڭغا يەتتە شەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر شەم-
شەر، بىر قۇر گېنېرال كىيىمىنى ئەۋەتىپتۇ. جېجياڭلىق ئايال بۇ
نەرسىلەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ۋاقىتتا ياڭزېڭشىن سېزىپ
قېلىپ، مافۇشىڭدىن پەخەس بولۇپتۇ-دە، ئادەم ئەۋەتىپ مافۇ-
شىڭنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىپتۇ.

ماشاۋۇ قەشقەردە تۇرۇشلۇق خۇيزۇ بولۇپ، قۇرئان-
تىلاۋەت قىلىشقا ئۇستا، كۆپنى كۆرگەن، بىلىمى مول. قەشقەر-
دىكى خۇيزۇلار ئىچىدە ئابرويلۇق ئىدى. ئۇ، بىر مەھەل قەش-
قەردە قازى بولغان. مافۇشىڭنىڭ يۈننەنلىك ئايالى ماشاۋۇ-
نىڭ مۇخلىسى بولۇپ، ماشاۋۇنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. ما-
شاۋۇنى نەدىلا كۆرسە ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ «ئۇس-
تازىم» دەپ باش قوياتتى. مافۇشىڭ يۈزۈمنى تۆكتى دەپ،
ئاچچىقىدا ماشاۋۇنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغان. ماشاۋۇ
دەردىنى ئىچىدە بىلسىمۇ، ئەمما قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلال-
ماي، ئۆچ ئېلىش پەيتىنى كۈتكەن. ئۇ قەشقەردىن ئايرىلغان-
دىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ياڭزېڭشىنغا ئەرز قىلغان. ياڭ-
زېڭشىن ماشاۋۇنىڭ دىنىي ساھەدە ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرى ئى-
كەنلىكىنى بىلگەنلىكتىن، خۇيزۇ ئالىملىرىنى بېشىغا تارتىپ
ئۆزى ئۈچۈن كەتمەن چاپتۇرماقچى بولغان. شىنجاڭدىكى ھۆ-

كۆمرانلىقىنى ساقلاپ بېلىش ئۈچۈن ماشاۋۋۇنى ئۆچتۇرپان نا-
ھيىسىگە ھاكىملىققا بېيىنلەپ. ساداقىتىنى سىناپ كۆرمەكچى
بولغان.

ئۇزاق ئۆتمەي، مافۇشەنىڭ تۇساتتىن ياڭزىڭشىنىڭ ئۈ-
رۈمچىدىن ئەۋەتكەن مەخپىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغان.
تېلېگراممىدا ئۇنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى جۇدوتەي (جۇ-
رۇيىي) نى ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىپ، شۇ يەردە بۇيرۇق كۈتۈپ
تۇرۇش بۇيرۇلغان. مافۇشەنىڭ بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىدۇ.
كەچ بولغاندىلا، جۇدوتەي خوشلاشماقچى بولىدۇ. مافۇشەنىڭ گېنې-
رال ياڭزىڭشىنىڭ بۇيرۇقى كەلگەندە ئاندىن مېڭىڭ دەپ تۇ-
رۇۋالىدۇ. تاڭ يورۇغاندا ياڭزىڭشىندىن مافۇشەنگە جۇدوتەي-
نىڭ قولىدىكى تامغىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى قەشقەردىن دەرھال
كەتكۈزۈۋېتىش توغرىسىدا تېلېگرامما كېلىدۇ. جۇدوتەي ئىچ-
كى ئەھۋالنى بىلمىگەچكە، دەرھال ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ياڭزىڭ-
شىنغا مافۇشەنىڭ مېنى قەستەن قاماپ قويدى دەپ ئەرز قى-
لىدۇ. ياڭزىڭشىن بىلمەسكەن كىشى بولۇۋېلىپ، جۇدوتەينىڭ ئا-
لدىدا: مافۇشەنىڭ يۈرىكى قاپتەك قىلىپ خالىغانچە ئادەم قا-
مىغىنىنى كۆرمەمدىغان. دەپ قويۇپ، جۇدوتەيگە ئەتەي ھې-
داشلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر مەھەل تەسەللى بەرگەندىن
كېيىن، ئاقسۇغا دوتەيلىككە ئەۋەتىدۇ.

جۇ بىلەن ما ئىككىسى ئادەتتە كۆپ بېرىش - كېلىش قى-
لاتتى. ياڭزىڭشىن غەرەزلىك ھالدا ئوتتۇرىغا بۆلگۈنچىلىك
سېلىپ، مافۇشەنىڭ قەشقەردىكى كۈچىنى ئاجىزلاتماقچى بو-
لىدۇ. جۇدوتەي مۇشۇنىڭ بىلەن مافۇشەنگە ئۆچمەنلىك ساق-
لاپ پۇرسەت كۈتىدۇ.

ئىسىز - ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئۆتىدىغان بىردىن-
بىر يول بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن
خەت - چەكلەر ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە كېلەتتى. جۇدوتەي
بۇيرۇق قىلىپ مافۇشىڭغا مۇناسىۋەتلىك خەت - چەكلەرنى بىر-
دەك تۇتۇپ قېلىشنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جا-
مائەت پىكرى توپلاپ، «مافۇشىڭنى قەشقەردە ئۆزى خان - ئۆ-
زى بەگ بولۇۋېلىپ، چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى، جە-
نۇبىي شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلماقچى» دەپ يۇردى. بىر قېتىم
مافۇشىڭنىڭ ياڭزېڭشىنغا يازغان خېتىنى جۇدوتەي تۇتۇپ قال-
دى. ياڭزېڭشىن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ، مافۇشىڭنىڭ خەت - خەۋە-
رنى ئۆزىنىڭچە ئالالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن قاتتىق گۇ-
مانلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋكۇننىڭ بېيجىڭدىن مافۇشىڭنىڭ
ئايلىق ئارقىلىق شەمشەر، گېنېراللىق كىيىمى تەقدىم قىلغانلىقى
توغرىسىدىكى ئىشنى ئويلاپ، مافۇشىڭنىڭ قەشقەردىكى پادى-
شاھى بولمىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىغۋالارغا تېخىمۇ ئىشەن-
دى. شۇنىڭ بىلەن مەخپىي پىلان تۈزۈپ، مافۇشىڭنى ئۆجۈقتۇ-
رۇۋېتىش قارارىغا كەلدى.

## ٤. ماشاۋۇنىڭ مافۇشىڭنى ئۆلتۈرۈش جەريانى

1924 - يىلى ياڭزېڭشىن ماشاۋۇ، كېباۋكۇڭ، سىجاڭ ۋە
ئىنىسىنىڭ ئوغلى ياڭشىلىنلارنى چاقىرتىپ بىرلىكتە مافۇشىڭ-
نى ئۆلتۈرۈۋېتىش پىلانىنى تۈزىدۇ.

مافۇشىڭ بىلەن ماشاۋۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى خۇيزۇ بو-
لۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. لېكىن ئالدىنقىسى كونا
دىنىي مەزھەپ، كېيىنكىسى يېڭى دىنىي مەزھەپ ئىدى. ئىككى-

مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىدى. ياڭزىڭشىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ماشاۋۇغا: «ئىش پۈتكەندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىنى ئۆزىڭىز ئۈستىڭىزگە ئالىسىز» دەپ ۋەدە بەرگەن. ماشاۋۇنىڭ ئەمەلدار بولۇش نىيىتى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردىن ھەيدەلگەنلىك ئۆچىنى ئېلىش خەۋىرى بولغانلىقى تۈپەيلى بۇيرۇققا بىنائەن سەككىز يىلنىڭ ئەسكەرنى باشلاپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان. ئىچباغۇلۇك. ياڭشىلىنىدار ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا ماڭغان. قىسىم ئاتقۇغا يېتىپ كەلگەندە، مافۇشىڭنىڭ قېرىندىشى، خوتەن تائىتەي ئىشلار مەھكىمە ئەمەلدارى ليۇلىمەن دەرھال مافۇشىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ: «قارىغاندا سىزگە چوڭ بالا - قازا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، سىزنىڭ دۈشمىنىڭىزنىڭ قەشقەرگە كېلىشى باشقا ئىش ئۈچۈن ئەمەس. كاللىڭىزنى ئېلىش ئۈچۈن ئىكەن. سىز دەرھال قېچىڭ. ھازىر چوڭ يولدا مېڭىشقا بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. سىز يوشۇرۇن ھالدا لوپنۇر ئارقىلىق ئايلىنىپ قاراشەھەرگە بېرىڭ. ئاندىن بىۋاستە ئۈرۈمچىگە بېرىپ گېنېرال ياڭزىڭشىننى تېپىپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپ كۆرۈڭ» دەپ خەت يازىدۇ. ئۆز رايى بويىچە ئىش كۆرىدىغان مافۇشىڭ ليۇلىمەننىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىماي: گېنېرال ياڭزىڭشىن ئەينى يىللاردا خەتەرگە يولۇققاندا مەن ئۆزەمنىڭ ئۆلۈشىمگە قارىماي ئۇنى قۇتقۇزدۇرغانىدىم. ئۇ ماڭا قانداقمۇ زىيانكەشلىك قىلسۇن! بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھاياتماماتلىق مۇناسىۋەت بار، بۇ مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلايدۇ - دە، ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ، بىخارامان يۈرۈپ ئەتىدىن.كەچكىچە خېنىم - قىزلار بىلەن ئويناپ ئۆتىدۇ. ماشاۋ-

ۋۇ ئەسكەر باشلاپ مارالبېشىغا يېتىپ كەلگەندە، لىيزلىنەن
جىددىيلىشىپ يەنە ماسۇيزىنى كونىشەھەرگە ئەۋەتىپ، مافۇ-
شىڭغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. دەرھال بىر قارارغا كېلىپ قەشقەر-
دىن كېتىشنى تاپىلايدۇ. مافۇشىڭ يەنىلا ئىشەنمەيدۇ. ئېخسى
خەت ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە: «ئۇ كاك قارىغاي ھېچنېمىگە ماڭ-
مايدۇ، بۇ ئوغرىلار مېنى نېمە قىلالايدىكەن؟» دەپ ئاچچىق-
لايدۇ. ماشاۋۋۇنىڭ ئەسكەرلىرى يېزاۋاتقا كەلگەندە، مافۇ-
شىڭ ھوشىغا كېلىپ گاڭگىراپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالى-
دۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا قەشقەردىن ئايرىلىشنى خالىماي، كونى-
شەھەر ناھىيىسىدىكى ۋاڭ يىنتەنگە: «مەن تامغىنى تاپشۇرۇپ،
باش بولمىسىلا بولمىدۇغۇ» دەيدۇ-دە، دەرھال سارايدىن كۆ-
چۈپ، بۇرۇن ياسىتىپ قويغان ئۈچ قەۋەتلىك بىنا (ھازىرقى
جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تۇرغان جاي)غا كۆچۈپ كېتىدۇ.

ماشاۋۋۇ يېزاۋاتقا كەلگەندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنى
ئىككىگە بۆلۈۋېتىدۇ. بىر قىسمىلار چىڭ چىڭشىيۇ بىلەن ئەنجۇڭ-
جىننىڭ يېتەكچىلىكىدە بەش يۈز ئەسكەر بىلەن ئاتۇش ئار-
قىلىق مافۇشىڭنىڭ چوڭ ئوغلى ماجۇۋنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن
يېڭىشەھەرگە قاراپ يول ئالىدۇ (ئۇ شۇ ۋاقىتتا يېڭىشەھەر
ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىدى). ماشاۋۋۇ ئۈچ يۈز ئەسكەر بىلەن
مافۇشىڭنى تۇتۇش ئۈچۈن يەنە بىر يول بولۇپ ماڭىدۇ.

1924-يىل 4-ئاينىڭ 29-كۈنى چىڭ چىيۇ ۋە ئەن-
جۇڭجى ئەسكەر باشلاپ، يېڭىشەھەرنى بېسىۋېلىپ، شېتەي يا-
مۇلىنى قورشىۋېلىپ، شۇ مەيداندا ماجۇۋنى ئېتىپ ئۆلتۈر-
دۇ. شۇ كۈنى ماشاۋۋۇ مافۇشىڭنىڭ قورۇسىنى قورشىۋېلىپ، ما-
فۇشىڭنى تىرىك تۇتۇۋالىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ما-

فۇشىڭ بەشقەر ياۋاغدا ئالىقاچىلىنىپ دار ياغىچىغا باغلىنىدۇ. ماشاۋۇز ئىلتىماسىنى ئۇنىڭدا تەكلەپ كۆرەڭلىگەن هالدا: «سەن مېنى تونۇدۇڭمۇ؟» دەيدۇ. مافۇشىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ ماشاۋۇنى «هۇ ئوغرى، دەيۇز» دەپ تىللايدۇ. ماشاۋۇ غەزىپىنى باسالماي ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ تاشلايدۇ. مافۇشىڭ شۇ چاغدا 58 ياشتا ئىدى.

ئۇ باۋكۆك بىلەن ياك شىلىن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە مافۇشىڭ ئاللابۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئەھۋالنى چۈشىنىش ئارقىلىق بۇ ئىككەيلەن مافۇشىڭدا ياكزىڭشىن بىلەن قارشىلىشىش نىيىتى يوقلۇقىنى، ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ، ماشاۋۇنى «هۆكۈمەت ئىسمىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي ئۆچ ئالدى. ئادەم ئەمەسكەن» دەپ تىللىغان. ئۇلار ئۈرۈمچىگە قايتىپ، ماشاۋۇنىڭ مافۇشىڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالىنى ياكزىڭشىنغا ئېيتقان. دەل شۇ چاغدا، ياكزىڭشىن مافۇشىڭنىڭ بۇرۇن ئۆزىگە يازغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئاندىن مافۇشىڭنى خاتا ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلگەن. لېكىن، پۇشايمان قىلىشمۇ ئۇنىڭغا كەلمىگەن. ماشاۋۇ مافۇشىڭنى ئۆلتۈرۈپ خىزمەت كۆرسەتتىم. چوقۇم قەشقەرنىڭ دوتىيى بولىمەن دەپ قارىغان. ئەمما ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ياكزىڭشىن ئۇنىڭغا ھەربىي ھوقۇقنى تۇتقازماي، ئۇنى خوتەننىڭ دوتەيلىكىگە تەيىنلىگەن. ئۇ دەردىنى كىشىگە ئېيتالماي، ياكزىڭشىننى قىلغان كېپىدە تۇرمايدىغان نەرسىكەن دەپ ئىچىدە تىللاپ يۈرگەن. مافۇشىڭ ئۆلۈپ، ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ لەنجۇلۇق خوتۇنى بالىلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ، ياكزىڭشىننى ئەيز-

[illegible] بىچارىلارچە يالۋۇرۇپ، ياڭزىڭشىننىڭ پاچىقىنى قۇچاق‑لاپ تۇرۇپ: «ماشاۋۇنىڭ مانۇشىڭنى ئۆلتۈرۈشى ھۆكۈمەت ئىشىدىن پايدىلىنىپ، شەخسىي ئۆچ ئالغانلىق، باللارنى يې‑تىم قىلىپ، مېنى تۇل قالدۇردى. مېنىڭ بارارغا يېرىم يوق، ياڭ گېنېرال جىنايەتچىنى جازالىمىسا، مەن گېنېرالنىڭ ئايى‑قىغا يىقىلىپ ئۆلىمەن» دېگەن. «ئىشتانغا چىققان كۈچۈكلەر تايىمەن» دېگەندەك، ياڭزىڭشىن ئۆز قىلمىشىنى بىلگەچكە، ئامالسىز، يالغاندىن بىلمەسلىككە سېلىپ كېيىن لەنجۇلۇق ئايالغا بىر بۆلۈك پۇل ۋە يۈز مو يەر بېرىپ ئىشنى ئەپلەپ‑سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن. مافۇشىڭ‑نىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ما ئائىلىسىنىڭ گۈللۈك باغچىسى ھەربىي ئات مەيدانىغا ئايلىنىپ يېڭىشەھەردىكى سارايىمىز ۋەيران بولۇپ كەتتى.

## 6. ماشاۋۇنىڭ ئاقىۋىتى

ماشاۋۇ مافۇشىڭنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئارا [illegible] ئالاھىدە دۈتەي بولالىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ يېتەر‑سىزلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، ھەر خىل ئۇسۇل‑چارىلار بىلەن دىنىي تەسىرىنى كېڭەيتكەن. ئۇ قەشقەردە بىر مەسچىت ياساتقان. بىر قېتىم ئۇ ما ئائىلىسىنىڭ لەڭگەردىكى كونا بېغىغا كېتىۋاتقاندا، مافۇشىڭنىڭ ئۇزۇنلىرى [illegible] ئۇنىڭ يولىغا ئۆرۈپ [illegible] يېرىم [illegible] دۇمسىزلىغان. ئۇ، قەشقەردە ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، باشقا يەرگە بې‑رىپ داۋالىنىشنى تەلەپ قىلغان. كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ تو‑شۇنۇشى بىلەن 1935 ‑ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان. [illegible]

چى يىلى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ خەلق ئىشلار نازىرى بول-
غان. 1937- يىلى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۈرمىگە
تاشلانغان. كېيىن نېمە بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ماشاۋۇ
تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغان.

1939- يىلى ئۇنىڭ ئانىسى، خوتۇن-بالىلىرى غۇلجىنىڭ
بېر ناھىيىسىگە بېرىپ، بىر ھويلا (كومىنداڭنىڭ يىغىۋېلىش پون-
كىتى)دا بىللە تۇرغان. بىر كۈندە پەقەت ئىككى سائەت سىرت-
قا چىقىپ سەي سېتىۋېلىش ۋاقتى بېرىلگەن. ھەر بىر ئادەم-
گە ھەر ئايدا 8 يۈەندىن تۇرمۇش راسخوتى بېرىلگەن. ئۇلار
شۇ يەردە ئىككى يىل تۇرۇپ قالغان.

پونكىتتىكى گۇندىپېي: «سىلەر بۇ قورا. كېپىللىك قىلىد-
غان ئادەم تاپساڭلار سىلەرنى قويۇپ بېرىمىز» دېگەن. ماشاۋ-
ۋۇنىڭ ك- قىزى مالىچۇ ئەسلەپ: «شۇ ۋاقىتتا مەن 6-7 ياش-
تا ئىدىم. ئانام (رۇي لىيەن) ئاكا-سىڭىللىرىمنى يېتىلەپ ھەممە جاي-
دا كېپىل بولغۇچى ئادەم ئىزدىدى. ئۇ چاغدا، غۇلجا ناھاي-
تى قالاق ئىدى. ئانام قەبرىستانلىققا قارايدىغان بىر
خوجىزنى تېپىپ ئۆز ئەھۋالىنى ئېيتتى. دادامنىڭ ھايات ۋاق-
تىدا ئازراق تەسىرى بولغانلىقتىن، قەبرىستانلىقتىكى شەيخلەر
بىرلىشىپ، شۇ يەردىكى ئەزىزۇلاردىن بىر قىسىم پۇل يىغىپ بەر-
دى، ئاخىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ كېپىل بولغاندىن كېيىن، ئانام
ئاندىن پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەرنى باشلاپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ
كەلدى» دەيدۇ.

1946 - يىلى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنى تىميانشان-
نىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى قاپلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا
تۇزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش

بولدى. شۇنىڭ تەسىرىمۇ ئاغدۇرۇلدى. تاۋسىيۇ باش دۇمبىدىن-
لىقىنى ئۈستىمىزگە ئالغاندا. ماشاۋۋۇنىڭ مۇساپىرلىق قىلمىغان مۇ-
لۈكلىرى ئەينى بويىچە قايتۇرۇپ بېرىلدى. يوقالغانلىرى ئۆز
باھاسى بويىچە تۆلەپ بېرىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ماشاۋۋۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى
جەمئىيەتكە قايتىشتى. سارايلىرىنى دۆلەتكە سېتىپ، بۇ پۇل-
دىن 3500 يۇەنىنى ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ قاتناش يوللىرىنى ياسىتىشقا
ئىئانە قىلدى. يەنە بىر قىسىم پۇلنى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ،
چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشتە ئايروپىلان سېتىۋېلىشقا تەقدىم
قىلدى (ساپ ئېنىق ئېسىمدە يوق). ماشاۋۋۇنىڭ كېيىنكى ئەۋ-
لادلىرى تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي شىمالىغا تارقالغان بو-
لۇپ. ھازىرغىچە نەۋرە-چەۋرىلىرى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تو-
لىسى پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا دۆلەت كادىرى ياكى
ئىشچى-خىزمەتچىسى بولۇپ، بەختلىك ھايات كەچۈرمەكتە.

شىياۋ پېيروڭ رەتلىگەن

1980 - يىلى 20 - ئىيۇل

# ئازادلىقتىن بۇرۇنقى «قەشقەر گېزىتى»

## دىڭ گۈگەن

قەشقەر ۋىلايىتىدە 1933- يىلىدىن باشلاپ گېزىت بار- لىققا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا، چىقىرىلغان تۇنجى گېزىت «شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇدىيەت گېزىتى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ گېزىت ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ پەقەت ئىككى ئايلا چىقىرىلدى، كېيىنچە ھاكىمىيەتتە ئالمىشىش بولغانلىقتىن توختاپ قالغان. «شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇدىيەت گېزىتى» تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوللىشى بىلەن چىقىرىلغان. تۆمۈر 1933- يىلىنىڭ بېشىدا قەشقەرنى ئىدارە قىلغان بولۇپ، ئەسلىدە كۇچادا تۇراتتى. 1933- يىلى 4- ئاينىڭ 12- كۈنى شىڭ شىسەي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. تۆمۈر ئەسكەر چىقىرىپ قارشى تۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭدا زېمىن تالىشىپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىر نەچچە تېتىم ئۇرۇش قىلىپ، ئاندىن قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ قەشقەرنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئۆزىنى شى باشلىقى، قوشۇم- چە جىڭگرا مۇداپىئە قوماندانى دەپ ئاتىۋالغان. شۇ يىلى 6- ئايدا، ئۇنىڭ قوللىشى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇدى- يەت گېزىتى» نىڭ تۇنجى سانى مەيدانغا كەلگەن. گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەردە مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچ، گېزىت ۋورباللار-

ن شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا با-
سۇلۇشتا توغرا كېلەتتى. ئىزلاشتا بۇ گېزىت شۋېتسىيىنىڭ
قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مەتبەئە باسمىسىغا تا-
پشۇرۇپ نەشىر قىلدۇرۇلغان. گېزىتنىڭ تارقىتىش ئوبيېكتى بول-
سا يېزىدىكى ئاكرانلار، پومېشچىك (چارۋىدار) لار، بىر قىسمى تىجارەت-
چى، سودىگەرلەر ئىدى. گېزىت جەمئىي 2 ئايدىن كېيىن، تۆمۈر
ئوسمان تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىپ، گېزىتنىڭ چىقىرىلىشىمۇ
توختىغان.

«شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇدىيەت گېزىتى» نەشىردىن
توختىغاندىن كېيىن، سازۇت دامولla قەشقەرنى ئىگەللەپ،
ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرغان.
شۇ يىلى 11-ئايدا «ئەركىن ھايات گېزىتى» نىڭ تۈنجى سانى سازۇت
دامولىنىڭ قوللىشى بىلەن نەشىردىن چىقىپ، نەشىردىن توخ-
تاپ قالغان «شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇدىيەت گېزىتى» نىڭ
ئورنىنى باسقان. «ئەركىن ھايات گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرلى-
كىنى يەنىلا قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئۈستىگە ئېلىپ، گېزىت بې-
سىشتا يەنىلا شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ باس-
ما ئۈسكۈنىلىرىدىن ئارىيەت ئېلىپ بېسىپ چىقارغان. ئۇزاق
ئۆتمەي ماجۇڭيىڭ سازۇت دامولىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ
بىلەن «ئەركىن ھايات گېزىتى» مۇ نەشىردىن توختىغان.

1934-يىلى (مىنگونىڭ 23-يىلى) شىڭ شىسەينىڭ
«ئۆلكە ئارمىيىسى» قەشقەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئىدارە قىلىپ
ماھمۇد شىجاڭنى ئەۋەتىپ قەشقەر رايونىنىڭ ھاكىمىيىتىنى
كونترول قىلغان. شۇ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا، ماھمۇدنىڭ
قوللىشى بىلەن «يېڭى ھايات گېزىتى» نىڭ تۈنجى سانى نە-

شىر قىلىندى. بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى يەنىلا قۇت-
لۇق ھاجى شەۋقى ئۈستىگە ئالغان. ئەينى ۋاقىتتا شىڭشىسەي
ئاكسىيەتچى شىۋىتسيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانى-
سىدىن پېچەت ئېلىنگەن، پۈتۈن يۈرۈشلۈك باسما مەتبەئە ئۈسكۈنى-
لىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋېلىپ «يېڭى ھا-
يات گېزىتى»نىڭ ئىشلىتىشىگە بەرگەن. «يېڭى ھايات گېزىتى»
دە شۇ بىر يۈرۈش باسما مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق نەشىر
قىلىنىپ خوتەن، قىزىلسۇ، ئاتۇش، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا
تارقىتىلغان. تارقىتىش ئوبيېكتى بيۇروكراتلار، پومېشچىك،
(چارۋىدار) جۈملىدىن ئۇششاق تىجارەتچى ۋە سودىگەرلەرگە
تارقىتىلغاندىن باشقا يەنە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت سا-
ھەسىدىكى زاتلار ۋە ئاز ساندىكى دېھقانلارغىچە كېڭەيتىپ تار-
قىتىلغان. 1937-يىلى بۇ گېزىتنىڭ تىرازى 300 گە يەتكەن.

1937-يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، شىڭشىسەي پۈتۈن شىنجاڭ-
دا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆزى بىلەن ئو-
زىنگە سوقاشتۇرۇپ كەلگەن ماھمۇدنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش قەستىدە
بولدى، ماھمۇد غۇلاپ چۈشكەندىن كېيىن، «يېڭى ھايات گېزى-
تى» نىڭ نامى «شىنجاڭ گېزىتى» قەشقەر شۆبىسىگە ئۆزگەر-
تىلدى. گېزىتنىڭ راسخوتىنى «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى
سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» تەمىن ئەتتى. بۇ چاغدا بىر قىسىم ئىن-
قىلابىي زىيالىلار مۇشۇ گېزىتخانىغا كېلىپ ئىشلىگەن. كومپار-
تىيە ئەزاسى ۋاڭ موشىنىڭ گېزىتخانىنىڭ باشلىقلىقىنى، قۇت-
لۇق ھاجى شەۋقى باش مۇھەررىرلىكىنى خەلپەت سوزۇك ھا-
جىيوپ (سوۋېتتە ئوقۇغان) قاتارلىقلار مۇھەررىرلىكىنى ئۆ-
تىگەن. بۇ گېزىت فېئوداللىققا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بار-

غاندىن سىرت، ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن، كومپار-
تىيە بىلەن بىرلىشىش، بىرلىشىپ قارشى تۇرۇش، ياپون جا-
ھانگىرلىكىنى يوقىتىش جەھەتتىكى تەشۋىقات ئېلىپ باراتتى.
ۋانخۇنىڭ گېزىتكە داۋاملىق باش ماقالا يېزىپ تۇراتتى، بۇ-
نىڭ ئىچىدە تەسىرى چوڭراق بولغىنى «ئۆزىنىڭ پۇتىغا
ئۆزى پالتا چېپىش» قاتارلىق ماقالىلار ئىدى. ئۇندىن
باشقا، گېزىت يەنە مەملىكەت ئىچىدە ياپونغا قارشى تۇرۇش
ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ
ھەرىكەتكە كېلىپ بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇشقا ئىلھام بې-
رەتتى. گېزىتنىڭ تارقىتىلىشى، شۇنىڭدىن باشلاپ خەلق ئاممى-
سىغا يۈزلىنىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ۋە جۇڭگو كومپارتى-
يىسىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىپ
جەنۇبىي شىنجاڭدا پائال ئاكتىپ رول ئوينىدى. گېزىتنىڭ
شۇ چاغدىكى نامى «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» بولۇپ، مىخ مەت-
بەئەدە، ھەر ساندىن ئوتتۇرىچە 2000 نۇسخا بېسىلاتتى، شۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىپىگراف بىلەن خەنزۇچىسىدىن 500
نۇسخا بېسىلاتتى.
1940-يىلى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ
تىنچلىق سۆھبىتىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى. شۇ يىلى 5-ئايدا
«شىنجاڭ گېزىتى» قەشقەر شۆبىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى.
گېزىتنىڭ نامى «ئاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى. باش مۇھەر-
رىرلىكىنى ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ ئەھمەد زىيا، ئالىم ئاخۇن-
لار ئۈستىگە ئالدى. 1947-يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى يىرتىپ تاشلىدى. «ئاڭ گېزى-
تى»، «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» دەپ ئەسلىگە كەلدى. بۇ ۋا-

قېتىمكى گېزىت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كانىيىغا ئايلان-غان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ئەھمەد زىيا، مۇئاۋىن باشلىقى ھامۇت سىدىق ئىدى. مۇھەررىرلىرى نۇرمەھەممەت ئېركى ۋە قۇربان ئىمىنلەر ئىدى. 1949-يىلى-غىچە گېزىتنى تارقىتىشتا مەخسۇس ئادەم ئاپىرىش ئاساس قى-لىناتتى. ئاز ساندىكىلىرى پوچتىدىن ئەۋەتىلەتتى.

1949-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بول-دى. 1950-يىلى 1-ئاينىڭ 14-كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيە-سى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ قەشقەر شۆبىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئىدارە قىلدى. گېزىتخانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئورنى ھازىر-قى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، شەھەرلىك دورا شىركىتى ماگىزىنىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلەتتى. ئومۇمىي قورۇ-لۇش كۆلىمى 110 كۋادرات مېتىرغا يېتەتتى. 4 كونا ماشىنا، 20گە يېقىن ئادىمى بار ئىدى. ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئىدارە قىلىش-تىن ئىلگىرى بۇ گېزىت تۆت كەي چوڭلۇقتا 2 بەت بولۇپ، ھەپتىدە ئىككى سان، 420 نۇسخا، يىلىغا 45 مىڭ 365 نۇسخا تارقىتىلاتتى.

# قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئۆتكەن ھەرنۆۋەتلىك مۇدىرلىرى

قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن — 1935-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا قۇرۇلغان مەكتەپلەردىن ئەڭ بالدۇرقىسى. مەكتەپنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئورنى ئوردا ئىشىكى (ھازىرقى شەھەرلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنى) دە بولۇپ، كېيىن ھازىرقى قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتوتىنىڭ ئورنىغا يۆتكەلگەن. 1954-يىلى بۇ ئورۇننى قەشقەر سىفەن جۇەنكې مەكتىپى ئۆتكۈزۈۋېلىپ (قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتوتىنىڭ ئەسلىدىكى جايى) دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ھازىرقى ئورنى (قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى سەمەن يولىنىڭ شىمالى)غا يۆتكەلگەن. قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلغان يىلىدىلا 288 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، 8 سىنىپقا ئايرىپ ئوقۇتقان. ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل بولۇپ، ئاساسلىقى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەيتتى. مەكتەپنىڭ 1-قاراردىكى باشلىقى ھېسامىددىن. بۇ ئادەم تۈركىيىدە ئوقۇغان بولۇپ، پانتۈركىزملىق ئىدىيىسى ئىنتايىن قويۇق ئىدى. ئۇ، ئوقۇتۇشتا تۈركىيىلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، تۈركىيە دەرسلىكلىرىنى ئىشلىتىپ، تۈركىيە تىلى بىلەن دەرس ئۆتكەن. سىياسىي جەھەتتە شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئالەمگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە قالدۇق شېرىكلىرى

بىلەن زىچ ئالاقىدا بولغان. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارغا قوللۇق تەربىيىسى بېرگۈزگەن. ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىشتەك ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغان. مەكتەپتە 5 سائەت دەرس ئوقۇلغاندىن باشقا، پائالىيەتلەر يوق ئىدى. مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناخشا ئاۋازلىرى، كۈلكە-چاخچاقلىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. مەكتەپ قۇرۇلۇپ بىر يىلدىلا تۇرغۇن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن ئىنتايىن نارازى بولغان. ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئالماشتۇرۇۋەتكەن.

1936-يىلدىن 1937-يىلى كۈزگىچە مەجىدىن (ئۆزبېك) ئىككىنچى قارارلىق باشلىق بولغان. مەجىدىنمۇ تۈركىيىدە ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئالدىنقى قارارلىق مەكتەپ باشلىقى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى تۈركىيىنىڭ دۈشمىنى قاتارىدا كۆرگەن. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرغان. شۇڭلاشقا مەكتەپ قورۇسىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ كۆلەڭگۈسى قاپلىغان. ئىككى قارارلىق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپلا قوللۇق تەربىيىسى ۋە بۆلگۈنچىلىك تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، كېيىنكى مائارىپ ئىشلىرىغا ئېغىر تەسىر يەتكەن. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بەزىلىرى پانتۈركزمچىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن.

1937-يىلى كۈزدىن 1938-يىلىغىچە، ئاتۇشلۇق ئابدۇقادىر سىدىق مەكتەپنىڭ 3-قارارلىق باشلىقى بولغان. ئابدۇقادىر سىدىق ئالدىنقى ئىككى قارارلىق مۇدىرلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ

ئوقۇتۇشتا دۆلەت تىلىنى قوللانغان. دەرسلەرنى مۇنتىزىم دا-رىلمۇئەللىمىن مەكتەپلەرنىڭ تەلەپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئامالىي ئۇسۇلدا مەكتەپ باشقۇرۇش تەلىپىنى قويغان. ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بې-رىپ، مىللىي كەمسىتىشنى مەنئىي قىلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش، دېموكراتىيە بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك-دىيانەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت تىنچ قۇرۇلۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ يەنە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇيۇش-تۇرۇپ 6 چوڭ سىياسەتنى تەشۋىق قىلغان. بۇ مەزگىلدە مەكتەپ قوللۇق تەربىيىدىن قۇتۇلۇشقا باشلاپ، ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىش، مائارىپ خادىملىرىنى تەربىيىلەش تەرەپكە بۇرالغان.

1939-يىلى كۈزدە، نۇردۇن قارى ئەقارارلىق مۇدىر بول-غان. نۇردۇن قارى كۆچلىق بولۇپ، سوۋېتتە ئوقۇغان. شۇ يىلى كومپارتىيە قەزاسى لى جۈلىياڭ پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يەنئەندىن قەشقەرگە كېلىپ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن لى جۈلىياڭ ۋە نۇردۇن قارىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يا-سىغان، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بېرىلىپ كىتاب ئوقۇغان، دۆ-لەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىن-جاڭدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئايلانغان. ئوقۇغۇچىلار ھا-زىرقى زامان پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى، دىنالېكتىكا ۋە ما-تېرىيالىزمغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىپ قالماستىن، بەلكى ئويۇن قويۇش. ناخشا ئوقۇش ئەترىتى تەشكىللەپ، قەشقەر كونىشە-ھەر، يېڭىشەھەر قاتارلىق جايلاردا ئويۇن قويۇپ، ئاكسىيە

-سۆزلەپ، شوئار چاپلاپ، تەشۋىقات تارقىتىپ ياپونغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلغان. ئۇلار يەنە خىيانەتچى، پارىخورلار- نى قاتتىق جازالاشنى، كونا قائىدە-يوسۇن، يامان ئادەتلەر- نى بىكار قىلىشنى، فېئوداللىق قۇللۇققا قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق جاھانگىرلىكنىڭ شىنجاڭ- دىكى كۈچلىرىگە زەربە بەرگەن. قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەل- قىغە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىپ روھىي ئىلھام بەرگەن. بۇ مەزگىلدە مەكتەپ كۈندىن-كۈنگە يۈكسەلگەن، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئەسلىدىكى 30 كىشىدىن كۆپىيىپ 50 كى- شىگە، ئوقۇغۇچىلار 300 دىن كۆپرەككە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بىر قىزلار دارىلمۇئەللىمىنى (مۇشۇ مەكتەپنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە) قۇرغان، بۇنىڭ 4 سىنىپ، 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار (ئورنى ھازىرقى مىللىي باللار باغچىسىنىڭ ئىچىدە) ئىدى. ئوقۇش يىللىقى ئەسلىدىكى بىر يىلدىن ئىككى يىل- غا ئۆزگەرتكەن. خەنزۇ تىلى، سىياسەت، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان. باشقۇرۇش تۈ- زۈمى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئاساسەن مۇنتىزىملاشقان. ئو- قۇتقۇچىلار قىزغىنلىق بىلەن ئۆگەتكەن، ئوقۇغۇچىلارمۇ تى- رىشىپ ئۆگەنگەن.

1943 - يىلى شىڭ شىسەي ئەكسىلئىنقىلابىي ئەپتى-بە- شىرىسىنى تەدرىجىي ئاشكارىلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوڭ- چەنداڭغا قارشى تۇرۇپ، جايلاردا كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە

ئىلغار زاتلارنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلغان . بۇ چاغدا ، نۇيى ( خەنزۇ ) نۇردۇن قاراددىن مەكتەپنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۆزى مۇدىر بولغان . بىر يىلدىن كېيىن چېك خۇشىك (خەنزۇ) مۇدىرلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بىر يىلدىن كۆپرەك تۇرغان. 1944-يىلى شىك شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن . ليو جۇنشىك ئالماشقان . بۇ مەزگىلدە ، شىنجاڭ سىياسىي جەھەتتە قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قېلىپ ، سوۋېتكە ، كومپارتىيىگە ، مىللىي بىرلىكسەپكە قارشى ئەكسىيەتچىل سىياسەت بۇرۇنقى دېموكراتىك سىياسەت ئورنىغا دەسسىگەن . لى جۇلياڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە بەلگىلىگەن بارلىق تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىنغان . ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بېسىمغا ئۇچرىغان . ئىنقىلابىي ، ئىلغار ، دېموكراتىك مەكتەپ ئىستىلىنىڭ ئورنىنى ئەكسىيەتچىل، فاشىستىك مائارىپ تۈزۈمى ئىگەللىگەن.

1946 - يىلى . ۋۇجۇڭشىن كومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن شىنجاڭغا كېلىپ ، خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن ، بۇ مەزگىلدىكى دارىلمۇئەللىمىننىڭ مۇدىرلىقىنى «3 ۋىلايەت ئىنقىلابى » ئالدىنقى سەپتىن ئەۋەتىلگەن ئىلغار زات — سوۋېتتە ئوقۇغان زۇنۇن ئۆتكەن (ھازىر قەشقەر شەھەرلىك 4-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى). زۇنۇن مەكتەپكە يېتەكچى-

ئېلىپ قېلىپ ئىلگىرىكى دېموكراتىك ئەنئەنىنى ئەسلىگە كەل-
تۈرگەن . ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ دەرستىن
سىرتقى ۋاقىتلاردا خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىپ، دېموك-
راتىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئازادلىق ئەرپىسىدە،
ئو كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، چوڭ-
كىچىك كوچىلارغا شوئار چاپلاپ ، ئازادلىق ئۇرۇشىغا مەدەت
بېرىپ . ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى
ئالغان، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ئىشلىرىغا
مەلۇم تۆھپە قوشقان.

(ھامىت جالىل، ھوشۇرۇپ. نىمەت نىزامىدىن ، ئاب-
دۇرېھىم توختى قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن
رەتلەندى).

شياۋ يېرۇڭ

1986 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.

# ئەسلىسەم ئۆتكەن ئىشلارنى، دولقۇنلىنار قەلبىم ھامان

ليۇ خەنچېن

جۇڭخۇا مىللىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېرىم ئەسىر جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ناھايىتى زور قۇربانلار بېرىپ، بۈگۈنكى گۈزەل ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئېرىشتى. مېنىڭ ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن مۇنداق زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەلىشىم ھەقىقەتەن ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قېرىپ ئۆلۈش، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان بولماسلىق ۋە خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىش — كىشىلىك ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى. لېكىن، مەن كىشىلىك ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن، قىلچىلىك بولسىمۇ بىرەر نەرسە قالدۇرۇپ كېتىشنى خالايمەن، مۇشۇنداق قىلىش مەن ئۈچۈن ھوزۇر.

## 1. سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن باللىق ھاياتىم

مەن 1917 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. كىشىلەر ئەڭ بۇرۇن مەن تۇغۇلغان بۇ جاينى رىخې كەيلۇ دەپ ئاتايتتى. ئەينى چاغدا مىللىتارىستلار يېغىلىقى بولۇۋاتاتتى، پىتراپ-

كەتكەن ئەسكەرلەر ھەممىلا يەردە زورلۇق- زومبۇلۇق قىلىپ،
كەلگىنىمۇ بالايى - ئاپەت يەتكۈزدى. تۇرمۇشنىڭ قىستىشى
بىلەن، دادامىمۇ باشقا چاپاكەش كىشىلەرگە ئوخشاش كۆزىگە
ياش ئالغان ھالدا . ئىلاجىسىزلىقتىن ئۆزى تۇغۇلغان ئاشۇ
تۇپراقتىن ئايرىلىپ ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى تۇغقىنىنى قېشىغا
قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

تاغامنىڭ ئوغلى يوق ئىدى. ئۇ گەرچە ئاچ - يالىڭ-
غاچلىقتا تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ . لېكىن ئەنئەنى-
ۋى كۆز قاراش تۇپەيلىدىن . ئۇ ئۆيىنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ قې-
لىشىنى خالىمايتتى، شۇڭا مېنى كىچىك چېغىمدىلا دادام تاغام-
غا بالا قىلىپ بېقىۋېلىشقا بېرىۋەتكەنىدى . تاغامنىڭ ئۆيى
لياۋنىڭ ئۆلكىسى جىنشىجياڭدىكى تونجېن بازىرىدا بولۇپ.
ئازغىنا دەسمايە بىلەن تىجارەت قىلىپ جان باقاتتى. شامال-
غا ۋە يامغۇرغا ئاران دال ۋولاغىدەك ئىككى ئېغىز ئۆيى
بار ئىدى . تاغام ماڭا ناھايىتى زور ئۈمىد باغلىغانىدى. ئۇ-
نىڭ تىجارىتى ۋەيران بولۇپ. دۇكىنى تاقىلىپ قېلىش ھال-
تىگە چۈشۈپ قالغاندىمۇ يەنىلا ماڭا كۆيۈنۈپ . سەككىز يې-
شىمدىن باشلاپ مېنى خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇتتى . مەن
« 3 سۆزلۈك دەستۇر » ، « نامىلە دەستۇرى » ، « مىڭ خەت-
لىك داستان» قاتارلىق كىتابلارنى راۋان ئوقۇيالايدىغان بول-
غىنىمدا ، تاغام خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتەتتى ۋە مېنىڭ
ۋۇجۇدۇمدىن كەلگۈسىدە ئىمە بولماقچى بولغان باشقا بىر
دۇنيانى كۆرگەندەك بولاتتى. 12 ياش ۋاقتىمدا، ناھىيىدە
ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىر-
دىم. تاغام ئېشىپ - تۇگىمەس . تىجەپ ئىقتىساد قىلىپ مېنى

ئوقۇتۇپ. مېنىڭ پاتراق يېتىشىپ چىقىپ ئائىلىمىزنىڭ قىيالپىتىنى ئۆزگەرتىشىمگە تەشنا ئىدى. لېكىن يېرىم يىل ئۆتمەيلا «18 - سىنتەبىر ۋەقەسى» پارتلىدى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى شەرقىي شىمالغا يېتىپ، ئاۋۋال شېنياڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ياپون ئارمىيىسى بارغانلا يېرىگە ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇردى، ئوت قويدى، قىرغىنچىلىق قىلدى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. ۋەتەن زېمىنىنىڭ قولدىن كېتىشىگە ئەگىشىپ، ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىنمۇ ئامالسىز تارقىلىپ كەتتى. ياپون ئالۋاستىلىرى ئۆيىمىزنى بىركېچىدىلا بۇلاپ - تالاپ ھېچنېمىنى قويمىدى. كېيىن پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. مەن تاغام ۋە ھامماملار بىرلىكتە ئۆلۈم ئاغزىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ نەھىرادىكى ھاممامنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالدۇق.

1932 - يىلى يازدا. بىر نەۋرە ئاكامنىڭ ئايالى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بېيجىڭدىن بۇ يەرگە كەلدى. بۇ چاغدا ياپون ئالۋاستىلىرى يېزىلاردا ھەممە جايدا ئەسكەر تۇتۇۋاتاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جۇڭگولۇقلار ئارقىلىق جۇڭگونى تىزگىنلەپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى ئەسكەر مەنبەسىنى تولۇقلاش ۋە توپ ئوقىغا يەم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ياشلارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي ھالدا ياپونىيىگە يۆتكەپ ئاپىرىلىپ، فاشىستىك ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالىدىكەن. تاغام شەرقىي شىمالدىكى كۈنلىرى يامانلىشىۋاتقان ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا مېنى بېيجىڭگە بېرىپ ۋاقىتلىق پانا-

يەپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر نەۋرە ئاكىمنىڭ ئايالىغا تاپشۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن يەنە ئاتا - بوۋىلىرىمغا ئوخشاش مې- نى بېقىپ چوڭ قىلغان ئانا تۇپراقتىن ئايرىلىشتا كۆزۈم قى- يىمىغان ھالدا ياقا يۇرتتا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئەگ- رى - توقاي تۇرمۇش يولىدا قەدەم قويدۇم. ئويلىمىغان يەر- دىن چىققىنى شۇ بولدىكى، ئاغام مېنى قىيىنىلىپ ئوقۇتقاندا ئىگەللىگەن ئاشۇ ئازغىنا مەدەنىيەت بىلىملىرىم مېنىڭ كې- يىنكى ئىشلىرىمدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

## 2. ئەگرى - توقايلىقتا ئۆتكەن ھەربىي ھايات

بېيجىڭدىكى بىر نەۋرە ئاكامنىڭ ئۆيىگە بېرىشىم مېنىڭ ھەربىي ھاياتىمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولدى. بىر نەۋرە ئاكام جاڭ لىنشۈەن بۇرۇن ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال جاڭ شۆلياڭ- نىڭ قىسمىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ، «18 - سىنتەبىر ۋە- قەسى» دىن كېيىن ئائىلە - تاۋاباتلىرىنى ئېلىپ بېيجىڭگە قېچىپ كەلگەن. تىرىكچىلىكنىڭ تايىنى يوق. ناشتىلىقى بولسا كەچلىكى يوق نەۋال ئاستىدا ئۇنىڭ مەندەك 14 ياشلىق بالى- نى بېقىپ كېتىشى ھەققىدە تەس ئىدى. ھايات قېلىش ئۈچۈن، ئۇ شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ 63 - جۈن فېلىڭ جەنخەي قى- سمىغا قاتنىشىپ، فېلىڭ جەنخەي تەرىپىدىن مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ باشقارمىسىدا كاتىپ ئەسكەر بولۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ- دىن كېيىن، مەن جان باقىدىغان جايىنى تېپىپ، ئەگرى- تو- قايلىقتا ئۆتىدىغان ھەربىي ھاياتىمنى باشلىدىم. بىرىنچى يىلىغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە فېلىڭ جەنخەي قىسمى شىغا ئۆزگەر-


٤٠

قىلىپ، بىر نەۋرە ئاكام 10- ئاتلىق ئەسكەرلەر شىتابىغا يۆتكىلىپ شىتاب باشلىقى بولدى. قىسىم خېتەن، كەيىنك، شوچاڭ ئەتراپىدا تەرتىپكە سېلىنىش ۋە تەربىيىلىنىش بىلەن شۇغۇللاندى. بىر نەۋرە ئاكام مېنى شىنىڭ تەلىم - تەربىيە تۇۋىنىگە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىشكە تونۇشتۇردى. دەرس ۋە مەشىق مەيدىنىدىكى ئەمدىلا 15 - 16 ياشقا كىرگەن بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلىمۇ. لېكىن، بىرىنچى پۈتۈن دەرسلەرنى ئۆگىنىپ بولدۇم. بىر يىللىق ئۆگىنىش جەريانىدا، يالغۇز مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تولۇقلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەلۇم ھەربىي ئاساسىي بىلىملەرنىمۇ ئىگىلىۋالدىم. بەدىنىمنىمۇ چېنىقتۇردۇم. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەن شىتابنىڭ ئالاقىچىلار لىيەنىنىڭ پەيجاڭلىقىغا بەلگىلەندىم.

1936 - يىلى 2 - ئايدا، قىسىم شەنشىنىڭ بىنجۇ دېگەن يېرىگە بېرىپ تەرتىپكە سېلىنىش، تەربىيىلىنىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ چاغدا مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنىڭ ۋۇخەن شۆبىسى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىۋاتقان بولۇپ، قوبۇل قىلىش ئوبيېكتلىرى ھەرقايسى قىسىملاردىكى ياش ئوقۇغۇچىلار ۋە ياش كوماندىرلار ئىدى. مەن شىتابنىڭ تەرىپىدىن تاللىنىپ، ۋۇچاڭنىڭ نەنخۇ كۆلىدىكى ۋۇخەن شۆبە مەكتىپىنىڭ بىرىنچى قارارلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر بۆلۈمىگە كىرىپ ئوقۇدۇم. بۇ قارارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەسلىدە 3 يىل توشقاندا ئاندىن ئوقۇش پۈتتۈرەتتى. لېكىن گۇاڭدۇڭ - گۇاڭشى ۋەقەسى تۇغۇلۇپ لى زوڭرېن، بەي چوڭشىلار جياڭ جيېشىدىن مۇستەقىللىق ئالىشىپ، جياڭ جيېشىنى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلىغانلىقتى-

نىمەن ، ۋۇخەن ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. مەكتەپمۇ تاقىلىپ
قالدى. ئوقۇغۇچىلار ئاران 8 ئايلا ئوقۇپ، مۇددەتتىن بۇرۇن
ئوقۇش پۈتتۈردى . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن. مەن يەنىلا
شىنشىتا بى ئالاقىچىلار لىيەنىگە قايتىپ، پەيجاڭ بولدۇم. بۇ چاغدا
قىسمىم شەنشىنىڭ يەنچېڭ شەھىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا يۆتكەلـ
گەن بولۇپ . مەن قىسمىمغا قايتقاندا « 12 - دېكابىر» شىئەن
ۋەقەسى پارتلاپ ، جاڭ شۆ ياڭ، ياڭ خۇچېڭ ئىككى ۋەتەنپەر-
ۋەر گېنېرال زالىم مىللىي مۇناپىق جياڭجيېشىنى تۇتۇۋالدى.
ۋەقە گەرچە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئارىلىشىشى ۋە كېلىشتۈ-
رۈشى نەتىجىسىدە ناھايىتى تېزلا مۇۋاپىق ھەل قىلىنغان بولـ
سىمۇ . جياڭ جيېشى قويۇپ بېرىلىپ نەنجىڭگە قايتقاندىن كېـ
يىن. ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ قالغان چەتكە قېقىش. زەربە بېـ
رىپ ئۈچ ئېلىشتەك ھىلە - نەيرەڭلىرىنى قوللىنىپ ، جاڭشۆـ
لياڭنى تۇتۇپ قالدى ۋە شەرقىي شىمال ئارمىيىسىگە قارىـ
تا ئۆزگەرتىپ تۈزۈش . تارقىتىش . يۆتكەش قاتارلىق بىر
يۈرۈش تەشكىلىي چارىلارنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل
شەرقىي شىمال ئارمىيىسى كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى بىلەلـ
مەي سەركەردىسىز ئەھۋالدا چۈشۈپ قالدى . شۇنىسى ناھايىـ
تى ئېنىقكى، جياڭ جيېشى شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنى ئۆزلۈـ
كىدىن تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇرلىغانىدى. مەن تۇرۇۋاتقان بۇ
شىمۇ مەجبۇرىي ئىخچاملىنىپ تۈزۈلدى. ئىخچاملىنىپ تۈزۈلـ
گەندىن كېيىن، يۇقىرى بېرىدىن دەرھال مۇداپىئەنى تاشلاشـ
تۇرۇپ . خېنەننىڭ جۇماديەن ئەتراپىدا رەتكە سېلىپ بۇيـ
رۇق كۈتۈشىمىزنى بۇيرىدى. بۇ مەزگىلدە قىسىم ئۆز ۋاقتىدا
ئاشلىق بىلەن تەمىنلەنمىدى، كوماندىر - جەڭچىلەر ھەممىلا

پەردە ئارازىلىق بىلدۈرۈپ . جياڭ جيېشىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن
يامان كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى. 1937 - يىلى «7 - ئىيۇل»
لۇكوچياۋ ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن. قىسمىنىڭ قىلچە جەڭ-
گىۋارلىقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا . جياڭ جيېشى بىزنىڭ
ئېنى خىتابىغا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا بۇيرىدى. ئالدىن
ماڭغان قىسىم تېخى باۋدىڭغا بارماستىنلا ئىلگىرى ئالدىنقى
سەپتە تۇرغان قىسىملار بۇتۇنلەي تار مار بولدى. بىزنىڭ
شىغا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار دەرھال ئارقىغا چېكىنىپ، كەينىك
ئەتراپىدا تەرتىپكە سېلىنىدى. ئۇچاغدا ئەسكەرلەرنىڭ سانى بىر
تۈمەنگىمۇ يەتمەيتتى . تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن . لى چۈ-
ئەن تۈمەنجاڭلىقىدا 13 - جۈنگە بىۋاستە قاراشلىق ئات-
لىق ئەسكەرلەر تۈمەنى بولۇپ تۈزۈلدى . بۇ . تاڭ ئېنبونىڭ
قوماندانلىقىغا تەۋە بولدى . 2 - يىلى قوشۇن لۇنەندىكى
تەيئەرجۇاڭغا بېرىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى . قى-
سىم لىڭجىن ئەتراپىدا توپلىنىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان-
دا . ئالدىنقى سەپتىن شۈجۇۋنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ھەق-
قىدىكى خەۋەر تارقالدى . بۇ . ياپون ئارمىيىسىنىڭ بىزنىڭ
چوڭ ئارقا سېپىمىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانلىقىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرەتتى . خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا تەيئەرجۇاڭ ئەت-
راپىدا تۇرۇۋاتقان نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك چوڭ ئارمىيە
چېكىنىش يولىنىڭ تۈگەپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز
ئالدىغا قېچىپ كېتىشتى . لى زۇڭرېن . تاڭ ئېنبو قاتارلىق
يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ دۈشمەننى خۇددى يولۋاس-
تەك چاغلاپ . ئۇرۇش مەيدانىدىن ئاللا بۇرۇنلا تىكىۋەتكەن-
دى. نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن بىر تۇتاش قې-

ماندانلىق بولمىغاچقا، ئۆز-ئۆزىدىن تارمار بولۇپ، بىر مەھ-
ھەل جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن تەيپىڭجۇۋاڭدىكى زور غا-
لىبىيىتىمۇ ئەمەلىيەتتە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. بىزنىڭ
ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمىنىمىز تۈمەنجاڭ لى جىڭشەننىڭ ئورۇنلاش-
تۇرۇشى بويىچە كۆچمەپ دۈشمەننىڭ قورشاۋىنى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ
چىقىپ، ئەنخۇي، خېنەن ئارقىلىق ۋۇخەنگە باردى ھەمدە خە-
كۈدىكى شۆي جيا پىڭدا تەرتىپكە سېلىنىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇر-
دى. بۇ چاغدا مەن پەيجاڭلىقتىن تۈمەن شىتابىنىڭ مەسئۇل كا-
تىپلىقىغا كۆتۈرۈلگەن ئىدىم. ۋۇخەننىڭ ھاۋاسى پىژ-پىژ ئىس-
سىق ئىدى. ئوت-سامان بىلەن تەمىنلەش كەمچىل بولغاچقا،
ھەربىي ئاتلار ۋە شىماللىق كوماندىر-جەڭچىلەر جەنۇبنىڭ ھاۋاسىغا
كۆنەلمەي، ھەر كۈنى نۇرغۇن ئاتلار پىژغىرىم ئىسسىقتا ئۆلۈپ
كەتتى. كوماندىر-جەڭچىلەردىن كېسەل بولغانلار كۈنسېرى كۆ-
پەيدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى بى-
لەن پۈتۈن تۈمەن ناھايىتى تېزلا ۋۇخەندىن ئايرىلىپ، شەنشىنىڭ
بىنشەن ناھىيىسى ئەتراپىغا بېرىپ، خۇزۇڭنەننىڭ قوماندان-
لىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ تۈمەن بىرىگادا
قىلىپ كىچىكلىتىلدى. مەن بىرىگادا شىتابىغا مەسلىھەتچى بولۇپ
يۆتكىلىپ باردىم. ئېھتىمال يېرىم يىل ئۆتكەن بولسا كېرەك،
بىرىگادا يەنە كىچىكلىتىلىپ تۇەن قىلىپ تۈزۈلدى، مەن شى شىتا-
بىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە چۈشۈرۈلدۈم. بۇ چاغدا پۈتۈن شى
گەنسۇنىڭ جىڭنىڭ ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ رەتكە سې-
لىندى. رەتلەش جەريانىدا، شى شىتابى بىزدەك بىر تۈركۈم مە-
دەنىيەت ئاساسى بار ياش كوماندىرلارنى تەربىيلەش ئۈچۈن،
تيەنشۈيدىكى دا پاۋچۈەن دېگەن يېرىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر

مەكتىپىنىڭ تاكتىكا سىنىپىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن. مەن يەنىلا شۇ شتابىدا مەسلىھەتچى بولدۇم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈن شى خېشى كارىدورىدىكى جاڭ يې ئەتراپىغا بېرىپ رەتكە سېلىندى. مەسلىھەتچىلىك كەسپىي سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شى مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى مېنى شىئەندىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىنىڭ غەربىي شىمال مەسلىھەتچىلىك بىناسىنى تولۇقلاش سىنىپىغا كىرىپ يېرىم يىل بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

1945-يىلى ياپون تەسلىم بولدى. جياڭ جيېشى ھەرخىل نامدا ئاتىلىدىغان قوشۇنلاردى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن، «ياپون تەسلىم بولدى، دۆلەت ئەمدى زور مىقداردىكى ئارمىيەگە ئېھتىياجلىق ئەمەس» دېگەن پەتىۋا بىلەن بىزنىڭ شىنى تارقىتىۋەتتى. ئەسكەرلەرنى باشقا قىسىملارغا ئەۋەتىپ قوشۇن تولۇقلىدى. كادىرلار بىردەك شىئەن كوماندىرلار باش ئەترىتىگە تىزىمغا ئالدۇرۇپ تەقسىمات كۈتۈپ تۇردۇق. شىئەندە مەن كوماندىرلار ئوتتۇرا ئەترىتىگە كىرگۈزۈلدۈم. ئەيتاۋۇر يېرىم يىلدىن كېيىن بولسا كېرەك. شىنجاڭ كارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانى گېنېرال تاۋسىيۇ كوماندىرلار باش ئەترىتىدىن ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىچىدىكى كادىرلارنى شىنجاڭغا كېلىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە تاللىدى. مەن تاللاش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇيرۇق بويىچە قەشقەرگە كېلىپ 42-شىگە تىزىمغا ئالدۇردۇم. شى باشلىقى جاۋشىڭۋاڭ مېنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، 42-شىغا بىۋاستە قاراشلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ تۇەن ئاۋۋال مارالبېشىدا. ئاندىن يۆتكىلىپ يېڭىساردا تۇردى.

## 3. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنىڭ ئەرپىسىدە

1949 - يىلى 6-، 7- ئايلاردا پۈتۈن لىيەن يېگمارغا يۆتكۈلۈپ تەرتىپكە سېلىنىش - تەربىيەلەش ئېلىپ باردى. ھەر كۈنى 3 قېتىم مەشىق، ئىككى قېتىم دەرس بولغاچقا، تەربىيەلەش ئىنتايىن جىددىي بولدى. ئۇ چاغدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كىرگەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىدىكى ئازادلىق ئارمىيە كەڭ كۆلەمدە ستراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. غەربىي شىمالدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئاللا بۇرۇن خېشى كاردۇرىچە يېتىپ كېلىپ، شىنجاڭغا يېقىنلاشتى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىكى ئەسكەرلەر ئەنسىزلىنىپ، دەككە - دۈككىدە ئەتىگىنى ئاخشىمىغا كۆزى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، بىزنىڭ تۆۋەنىمىزدىكى كوماندىرلارنىڭ ئىدىيە ئەھۋالىمۇ شۇنداق بولۇپ، ئازادلىقنى كۈتۈپ تۇراتتى. 9- ئاينىڭ مەلۇم بىر كېچىسى پوستتا تۇرغان ئەسكەر قەشقەردىكى شىنتا بىلەن يىگىرمە نەچچە ھەربىي ئاپتوموبىل ئەسكەر ۋە ئوق-دورىلارنى ئېلىپ يەكەنگە ئۇرۇش قىلغىلى كەتتى دېگەننى خەۋەر قىلدى. كىم بىلەن ئۇرۇشىدىكىنا ؟ ئۇ چاغدا ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن قالاق بولغاچقا، ئەھۋالدىن دەرھال خەۋەردار بولغىلى بولمايتتى. ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، يەكەندە ھەربىيلەر ئىسيان كۆتەرگەنلىكى، خوڭ يادوڭنىڭ پۈتۈن تۈەنىنى باشلاپ يەكەن ناھىيە شەھرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، بىرىگادا كوماندىرى تاڭ جىگرەن قاتارلىقلارنى قوغداۋەتمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر

تارقالدى. مۇھاسىرنى بۆزۈشكە ئەۋەتىلگەن قىسىم ۋە ھەربىي
ئاپتوموبىللار پۈتۈنلەي توسۇلۇپ قالغانىدى. ئۇرۇش ئەھۋالى
ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. بۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون
قوماندانى. قوشۇمچە 42- شى باشلىقى جاۋشىگۇاڭ بىۋاسىتە يە-
كەنگە كېلىپ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلدى. 9- ئاينىڭ مەلۇم
بىر كۈنى جاۋشىگۇاڭ يەكەندىن قەشقەرگە قايتىۋېتىپ يېڭى-
ساردىن ئۆتكەندە مېنى چاقىرتىپ، سىزنى يەكەندىكى خۇڭ يا-
دوگىنىڭ تۈەنىگە مۇئاۋىن تۈەنجاڭ قىلىپ تەيىنلىدىم. خۇڭيا-
دوڭ شەرقىي شىماللىق، سەنمۇ شەرقىي شىماللىق، سىلەر يۇر-
داشلىق مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ،
ھەمكارلىشىپ، قوشۇننى ياخشى باشقۇرۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭ-
لىنى تۇراقلاشتۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈڭلار، دېدى. مەن ئۇ چاغدا.
بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بې-
رىشقا ئۇنىمىدىم. مەن ئارمىيىگە قاتناشقاندىن بۇيان ئىزچىل
ھالدا ئىدارىدا ئىشلەپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئەسكەرلەرنى
بىۋاسىتە يېتەكلەش تەجرىبەم يوق. ئىككىنچىدىن، بۇ تۈەندە
ئاممىۋى ئاساسىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۇلارنىڭ غەزىپى
تازا قايناپ تېشىۋاتقان چاغ. پۇت تىرەپ تۇرالماسلىقىمدىن
ئەنسىرەيمەن دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەن بولساممۇ،
جاۋشىگۇاڭ قوبۇل قىلماي، سەن بىرىگادا باشلىقى ماپىڭلىن
بىلەن بىرگە بارساڭ، ھەرقانداق مەسىلە بولسا ئۇنىڭدىن يول
يورۇق سوراپ ھەل قىلساڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ دېدى. شۇنداق
قىلىپ ئۈچىنچى كۈنى مەن ماپىڭلىن بىلەن بىللە يەكەندىكى
خۇڭ يادوڭ تۈەنىگە باردىم. خۇڭيادوڭ مەن بىلەن بىر كۆرۈشۈپلا
كونا تونۇشلاردەك بولۇپ كەتتى. بۇ ئادەم كىشىلەرگە سەمىمى-

مىي مۇئامىلە قىلمىدىغان، كەمتەر، چەتنىشقاق بولغاچقا ئىنىكىمىز
ياخشى ئۆتتۇق. خۇاڭ ياۋدېڭنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى قول ئاس-
تىدىكىلەرگە خەيرخاھلىق قىلىدىغان بولغاچقا، تۆۋەندىكىلەرنىڭ
چوڭقۇر ئىززەت-ئېتىبارىغا ئېرىشكەن. ئۇ، ئۆزى ئاددىي-ساددا، ئىس-
تىلى توغرا بولغاچقا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى.
بولۇپمۇ مەن يەكەندىكى ھەربىي توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋا-
لىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان
بولدۇم. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ
ئەسكەرلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئىسيان كۆتۈرۈشكە جۈرئەت
قىلغانلىقى، جياڭ جيېشىنىڭ ئىشەنچلىك قىسىملىرى ۋە باشقا قى-
سىملارنىڭ بوزەك قىلىش-كەمسىتىشىگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت
قىلغانلىقى قالتىس ئىش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى شۇچاغدا ئەسكەر-
لەرنىڭ قەلبىگە ياقاتتى. بۇ، ئەمەلىيەتتە گومىنداڭنىڭ ئۇ-
زۇل-كېسەل مەغلۇپ بولۇشىنىڭ شەپىسى. قاتتىق ئازاب-ئوقۇ-
بەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان تۆۋەن دەرىجىلىك كوماندىر-جەڭچىلەر-
نىڭ تاڭ ئالدىدىكى سادالىرى ئىدى. گومىنداڭ دەۋ-
رىدە گۇرۇھۋازلىق ئېغىر بولۇپ، مەركەز ئارمىيىسى شىنجاڭ-
دىكى كونا قىسىملارنى كۆزگە ئىلمايتتى. كادىرلارغا مۇئامىلە
قىلىش جەھەتتىكى تەڭسىزلىكتىن باشقا يەنە ھەمىشە مەركەز
ئارمىيىسى بۇلارنى باندىت قوشۇن، تەرمە-تەبجەش قوشۇن دەپ
ھاقارەتلەيتتى. جياڭ جيېشىغا يېقىن بولغان قوشۇنلارنىڭ بو-
زەك قىلىشى ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچرىغان قىسىملاردىكى كەڭ كومان-
دىر-جەڭچىلەر بۇنىڭغا تولىمۇ غەزەپلىنەتتى. خۇاڭ ياۋدېڭ تۆۋەندىكى
كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ دەل مۇشۇنداق ئىدى. دات-
پەرياد سادالىرى قۇلاقتىن كەتمەيتتى. خۇاڭ ياۋدېڭ ئۇلار ئۇ-

چۈن باراۋەرلىك تالىشىپ، ئۇلارنىڭ قورساق كۆپىكىنى چې-
قىر تۇپلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن تۇرسا، ئەسكەرلەر ئەل-
ۋەتتە ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى
شىنجاڭنىڭ «25-سىنتەبىر» دىكى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇ-
شىدا مەلۇم تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى.

## 4 . يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن چاغدىكى خۇشاللىق

كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، 1949-يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنى كەچتە، 42-شى باشلىقى جاۋشىڭگۇڭ گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باياراق چىقىرىپ ھەقىقەتكە قايتىش قارارىغا كەلگەن. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى ئارقىلىق رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدېلەرگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈپ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى، 8 ماددىلىق بايانات، 24 ماددىلىق كېلىشىمگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 9-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى جاكالاندى. مەن چېگرىدىكى مۇھىم ناھىيە شەھىرى- يەكەن بىلەن بىرلىكتە يېڭى- يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدۇم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئازادلىق ئارمىيە قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، سابىق ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر 8-شىسىنى تەشكىل قىلدى. مەن ئاتلىق ئەسكەرلەر 8-شىسى 24 - تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭلىقىغا تەيىنلەندىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پاگۆن، كاكارلىرىنى تاقاپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدىم.

24-تۈمەندىكى ۋاقتىمدا مەن تۈمەن سىياسىي كومىسسارى يولداش دوڭگۇاڭيۈنى ئاقتۇراتتىم. ئۇ ماڭا كۆپ ياردەم قىلاتتى. ھەمىشە سەۋرچانلىق بىلەن ماڭا قانداق قىلغاندا ئى-مى-جەمئىغا لايىق كومپارتىيە ئەزاسى بولغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. ئۇ، يەنئەندىكى ياپونغا قارشى ئەربىي-سىياسىي داشۆنى پۈتتۈرگەن پېشقەدەم يولداش بولۇپ، تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا كەڭقور-ساق ئىدى. ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. جاپا-مۇشەق-قەتكە چىدايتتى، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ باشقىلارغا ئۆز ئە-مەلىيىتى ئارقىلىق تەربىيە بېرەتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئۆمۈر-ۋايەت ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ بىكار ۋاقىت چىقىپلا قالسا، سەممىي ھالدا كوممۇنىستلارنىڭ ئىنقىلابىي داۋانلىرىدىن سۆزلەپ، مېنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە، ئۆزۈمگە قاتتىق تەلەپ قويۇشقا، ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلاتتى. ھەقىقەتكە قايتقان يولداشلارنى ئىنتايىن ئاسرايتتى. ھەمىشە مېنى ياخشى ئۆگىنىشكە، پارتىيىگە قەلبىمنى تاپشۇرۇپ بالدۇ-راق پارتىيىگە كىرىشىمنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلاتتى. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن بۇ ئىنقىلابىي پېش-قەدەمنى كېيىن زادىلا ئۇچرىتالمىغان بولسام، لېكىن ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن سەممىي تەلىملىرى تېخى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە تۇرىدۇ. چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى جەريانىدا مەن تۈمەن ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندىم. ئۇ چاغدا تۈمەنىمىز قاغىلىق، يەكەن، مەكىت قاتارلىق ئۈچ ناھىيىدە ئا-يرىم- ئايرىم ھالدا بوز يەر ئېچىۋاتاتتى. ئائىلە - تاۋابىئاتلار بولسا يەكەندە، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغا-نىدى. ئايالىم ۋاڭ يوشەن‌نۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر

جەمئىيەتتە بولغان دەمدە، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلى-
قىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇ چاغدا پۈتۈن تۈەن-
لەردىكى كوماندىر-جەڭچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى-
نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ،
جاپا تارتقاندا ۋايسىمايتتى، بۇلارنى تۈەن سىياسىي كومىس-
سارى يولداش دوڭگوۋاڭ بۇنىڭ تەربىيىسى ۋە ئاررىشىدىن ئاي-
رىپ قاراشقا بولمايدۇ.

### 5. ئىشلەپچىقىرىشقا، ئۆگىنىشكە، ئۆزگەرتىشكە قاتنىشىش

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن
ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ قىسىملىرىمىز چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرى-
كىتىگە كىرىشىپ كەتتى. 1950-يىل 5-ئايدا يۇقىرى دەرىجىلىك
رەھبەرلىك ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنى بىر تەرەپتىن ئىشلەپچى-
قىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش
قىلىپ ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىجۇنىڭ ئالاقىلىشىش بۆ-
لۈمىگە يۆتكىدى. ئالاقىلىشىش بۆلۈمى مېنى 2-ئەترەتكە تەق-
سىم قىلدى. بىز ساۋخوزغا بېرىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق
قىلدۇق. ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا، شىنجاڭ ھەربىي
رايونىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، گو پېڭ، زوچى
قاتارلىق يولداشلار كۆپ قېتىم دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ
بىزنى يوقلاپ، بىزنى ياخشى ئەمگەك قىلىشقا، ئەستايىدىل
ئۆگىنىپ، ئىدىيە، مەيدان جەھەتتىن بۆرۈلۈش ياساشقا ئىل-
ھاملاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە پارتىيىنىڭ ھەقىقەت-
كە قايتقان خادىملارغا قاراتقان تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئەس-
تايىدىل ئىجرا قىلىش لازىملىقىنى قايتا-قايتا تەشۋىق قىلدى.

پارتىيىنىڭ تەربىيىسى بىزگە زور ئىلھام بولدى. ئۇ چاغلاردا مۇتلەق كۆپ سانلىق يولداشلارنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. گەرچە ئەمگەك سىڭدۈرۈلمىقى ئېغىر بولسىمۇ، بىرەر كىشىمۇ ھاردىم-تالدىم دېمەيتتى. كۆڭلىمىز ئازادە ئىدى. كۆپچىلىك ھەمىشە ئىرادە بىلدۈرۈپ، نەتىجىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئەمگەك جەريانىدا تېخىمۇ كۆپرەك تۆھپە قوشۇشنى ئويلايتتى. بۇ مەزگىلدە مەنمۇ كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭنىڭ تۈپكى پەرقىنى چوڭقۇر تونۇۋېلىپ ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدىم.

ساۋخۇدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق. ياتىدىغان ئۆي بولمىغاچقا، كۆپچىلىك كاردۋاتقا سالىدىغان ئەدىيالنىڭ 4 تەرىپىنى تىرەپ قويۇپ سايە چۈشۈرۈپ، قۇملۇق دالىدا يېتىپ قوپاتتى. كېيىن قومۇشتىن چەللە ياساپ ئولتۇردۇق. بىز ھەر كۈنى كۈن چىقماستا قوپۇپ، كۈن پاتقاندىن كېيىن قايتىپ. ئازدا ئون نەچچە سائەت ئەمگەك قىلاتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ ئىلچە ئاغرىنىش ھېس قىلمايتتۇق. ساۋخۇدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى خۇددى كۆيۈۋاتقان كۆلخان، يېنىۋاتقان شام ۋە چېچىلداپ ئېقىۋاتقان تەر ئۈنچىلىرىدەك بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆڭلىمىزدە يىغىلىپ قالغان شەك-شۈبھە، قەيسلىرىمىزنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئەلپ ئۇچقۇنلىرىمىزنى يالقۇنلىتىپ كاللىمىزدىكى كىر-قاتلارنى تازىلىۋەتتى. مەن 70 ياشقا كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە ئەينى چاغدىكى شۇ ئىشلارنى ئەسلىسەم ئۇنىڭ چەكسىز كۆڭۈللۈك ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.

### 6. قىسىمغا قايتىش ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، يەرلىككە بېرىش.

بىر مەزگىللىك ئەمگەك بىلەن چېنىقىش، ئىدىيە ئۆزگەرتىش. تەكشۈرۈپ، باھالاشنى باشتىن كۆچۈرگەندىن كېيىن-

تەشكىل مېنى دۆلەت مۇداپىئە مەلۇم شى 10- تۈەن تەلىم-تەر-
بىيە بۆلۈمىگە مەسلىھەتچىلىككە ۋە ھەربى ئوقۇتقۇچىلىققا يوت-
كىدى. ئۇچاغدا تۈەنجاڭ يولداش جىڭجۈەن بولۇپ، تۈەن
شتابى يەكەندە ئىدى. مەن بۇ تۈەندە بىر يىلدىن كۆپ-
رەك ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، 1954-يىل 8-ئايدا
ھەربىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، كانسۇ ئارقاسەپ كۆمۈر كې-
نىغا بېرىپ مۇئاۋىن كان باشلىقى بولدۇم. نەتىجىدە ئون يىل-
لىق جاپالىق ھايات مېنى ھەربى تۇرمۇشقا كۆندۈرۈپ ئۇنىڭ-
دىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. كەسىپ
ئالماشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن
كېيىن، روھىي ھالىتىم ناھايىتى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. كۆڭلۈمدە سان
بولمىغاچقا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي دا-
دىم. تەشكىل ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئىشەنچىمنى چىڭ-
تىپ، خۇشاللىق بىلەن ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىمنى ئېلىپ، كانسۇغا
ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن باردىم.

بۇ دەل ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىم بولۇپ، مەن ئۆزۈمدە
مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى، بىلىم بارلىقىنى لېكىن چېكىنىشكە
بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مەن كۆمۈركان ئىش-
چىلىرى بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتتۈم. ئۇلار بىلەن بىللە ئەم-
گەك قىلدىم. بىرلىكتە تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچ-
لىرى ۋە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرىلەشتىم. ئۇچاغدا
كۆمۈركاننىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرى ناھايىتى قالاق
بولۇپ. ئىشچىلار قول بىلەن كۆمۈر قازاتتى.
كۆمۈرنى يۈدۈپ توشۇيتتى. ھەتتا ئىچىدىغان سۇنىمۇ نەچچە
ئون چاقىرىم يىراقلىقتىن ئېششەككە ئارتىپ توشۇپ كېلەتتى.

كانسۇ ــ چەت ياقا رايون بولغاچقا، ھاۋا كېلىماتى ئىنتايىن
ئوسال ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىشچىلار تەرىپى-
دىن بىر - بىرلەپ تۈگىتىلدى. ھەممىدىن چوڭ مەسىلە بىزدە
كۆمۈر قېزىشقا دائىر كەسپىي بىلىم بولمىغانلىقى ئىدى. گەرچە
كىتاب بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كۆرۈپ چۈشىنەلمەيتتۇق. ئىنتا-
يىن ئاز ساندىكى ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە تېخنىك ئىشچى-
لارنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىپ، ئۆشاق قول سانائەت ئىشلەپ-
چىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىناتتۇق. كۆمۈرنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى-
مىز ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ھەر قايسى سەپلەردىكى ئىشلەپچى-
قىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۆمۈرگە بولغان
ئېھتىياجىمىز ئېشىپ باردى. شۇنىسى ئېنىق ئىدىكى،
بىزگە ئوخشاش كەسىپ ئەھلى بولمىغان رەھبەرلىككە تايىنىپ
بۇ ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايتتى. مەن بىر
قانچە قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ، سانائەت نازارىتىنىڭ كۆمۈر
باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئەھۋال ئېيتىپ، مۇشۇ ساھەدىكى
زىيالىيلاردىن ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. 1955 - يىلىغا
كەلگەندە ئاندىن كانسۇ كۆمۈر كېنىغا زىيالىيلاردىن بىر
قانچىسى تەقسىم قىلىندى. بىز ئۇلارنى گۆھەر دەپ بىلدۇق.
دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ كۈنسايىن يۈكسىلىشىگە
ئەگىشىپ، كۆمۈر كانىنىڭ كەسپىي مۇتەخەسسىسلىرى تۈركۈم -
تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىقتى. كۆمۈر قۇدۇقىنىڭ ئۈستى ۋە
ئاستى ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. بۈگۈنكى
كۈندە كانسۇ كۆمۈر كېنىدا زامانىۋىلاشقان ماشىنىلار بىلەن
چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلىپ، گۈللىنىۋاتقان كان
رايونىغا ئايلاندى. كانسۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ، كەلگۈ-

سىگە نەزەر سالغىنىمدا، مەن ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو ئىشچىلار سىنى-
پىنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدا ئاجايىپ مۆجىزىلەر يار-
تالايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

## 7. ئەڭ بەختلىك مىنۇتلار

1957 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتى
قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ سانائەت ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنى تەشكىللەپ،
ھەر قايسى كان - كارخانىلاردىن بىردىن ئادەم تاللاپ،
ئىچكىرىگە ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. كانىمىز كۆمۈر
كان پارتكومى مېنى ۋەكىل قىلىپ ئېكىسكۇرسىيىگە بەلگىلىدى.
بۇ قېتىمقى ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش جەريانىدا بىز 18 ئۆلكە،
شەھەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، يۈز نەچچە كارخانىنى كۆردۇق.
كۆپچىلىكنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، نۇرغۇنلىغان تەجرىبىلەرنى
ئۆگىنىۋالدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىز بېيجىڭغا قايتىپ
كېلىپ تيەنئەنمېندە ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت بايرىمى مۇرا-
سىمىغا قاتناشتۇق. كەچتە سالىيوت ئاتقانىنى كۆردۇق.
بۇ كۈنلەردە مېنىڭ قەلبىم خۇشاللىق ۋە ھاياجانغا چۆمدى.
10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچتە، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى
بىزگە يۇيۇنۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىمىزنى ئالدۇرۇپ، ئەڭ
ياخشى كىيىملەرنى كىيىشىمىزنى، 6 - كۈنى مۇھىم پائالىيەت
بارلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىك ناھايىتى
ھاياجانلىنىپ كەتتى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئەتىگەنلىك
تاماقتىن كېيىن، گوۋۇيۈەننىڭ چوڭ ئاپتوبۇسى بىزنى

جۇڭنەنخەيدىكى خۇدېيرىنتاڭ زالىغا ئېلىپ باردى.
بىردەمدىن كېيىن، ئۇلۇغ داھىيىمىز ماۋزېدۇڭ،
مۇئاۋىن رەئىس لىۋشاۋچى، جۇ ئېنلەي، زۇڭدېلى، جۇدې
ۋېييودۇنجاڭ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پارتىيە
ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىمىز زالغا كىردى. بۇ چاغدا، چوڭ
زالدا گۈلدۈراس ئالقىشلار ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى. مەن
بىر تەرەپتىن كۆچەپ چاۋاك چالدىم، يەنە بىر تەرەپتىن
كۆز يېشىم ئىختىيارسىز ھالدا ئېقىپ تۇردى. كۆزنى يۇمۇپ،
ئاچقىچە، سەرسان بولۇپ ئۆتكەن بالىلىق چاغلىرىم، كونا
ئارمىيىدە تارتقان جاپا-ئەلەملىرىم، ئۆگىنىش، ئۆزگەرتىش-
نىڭ خۇشاللىقى. كۆمۈر-نائىتى سېپىدىكى كۈرەشلەر
بىردىنلا خىيالىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. 14 يېشىمدا ئۆيدىن
ئايرىلىپ، بۇ دۇنيادىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بولۇشىغا
تارتقان مەندەك بىر كىشىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ رەھبەر-
لىرىنى، ئۇلۇغ كىشىلەرنى كۆرەلىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغا-
نىدىم. تاكى ئىنقىلابىي رەھبەرلەر بىر-بىرلەپ ئالدىمىز-
غا كېلىپ، قول ئىشارىتى قىلغاندا، ئاندىن ئاستا-ئاستا
ئېسىمگە كەلدىم. بىز ئەنتايىن بەختلىك ھالدا پېشقەدەم
پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بىلەن خاتىرە رەسىمگە چۈش-
تۇق. بۇ قېتىمقى پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل
قىلىشىغا ئېرىشەلىگەنلىكىم ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك، ئەڭ
چوڭ شەرەپلىك ئىش بولغاچقا، مەن ئۇنى مەڭگۈ ئېسىمدىن
چىقارمايمەن.

## 8 . شەنمەت قالغان جان، ئاخىرقى بەختلىك ئۆمۈر

ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، دۆلىتىمىز ئىنتايىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. نۇرغۇنلىغان ئىنقىلاۋى رەھبەرلەر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى. قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، مەنمۇ بۇ كۆلپەتلىك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدىم. كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىش، دۇۋشلاش، تېپىش ئاستىدا ئىيىل ئادەتتىكىدىن ئاشقىرى ئېغىر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللاندىم. رەھىمسىز كۆرەش ماڭا روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە بولدى. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن نابۇت قىلىندىم. ھەر قېتىم ئازابقا چىدىماي قالغان ۋاقتىمدا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا بەختلىك ھالدا ئېرىشكەنلىكىمنى ۋە بىللە ئۆتكەن يىللىرىمنى ئەسلىسەم، ھامان بىر خىل ئىشەنچ پەيدا بولۇپ، ئۆز-ئۆزەمگە: غەيرەتلىك، چىداملىق بول، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر دەپ ئەلھام بېرەتتىم. 1976 - يىل 10 - ئايدا پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى پارتىيىگە قارشى «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نى بىر يولىلا تارمار قىلىپ، ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مېنىمۇ قۇتقۇزۇۋالدى. مەن ئاخىر يەنە يېڭىدىن ئازادلىققا ئېرىشتىم، خىزمىتىم ئەسلىگە كەلدى. تەن سالامەتلىكىم، زېھنى كۈچۈم، يېشىم قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن 1980 - يىلى تەشكىلنىڭ تەستىقلىشى بىلەن خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئارام ئېلىشقا چىقتىم. دېمەك ئائىلەم ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن چوڭ ئائىلە ئىدى. مەن 18 - [illegible] ۋەتەندىن كېيىن. ئاتا-بوۋىلىرىمدىن ئايرىلىپ كەتكەنىدىم.

يېرىمىزنىڭ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈشى نەتىجىسىدە، 36 يىلدىن كېيىن ئۇلارنى تېپىۋېلىپ جەم بولدۇق. مېنىڭ 3 ئوغلۇم، 3 قىزىم بار. يولدۇشۇم ۋاڭ يوۋشەن نەچچە ئون يىلدىن بېرى مەن بىلەن بىللە جەنۇب ۋە شىمالنى كېزىپ يۈرۈپ، سانسىز جاپا-مۇشەققەتلەرنى بېشىمدىن كەچۈردى. ھازىر ياشىنىپ قالغاچقا، نەۋرە-چەۋرىلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ، يېتىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپ، ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بولۇۋاتىمەن. 6 بالىمىزنىڭ ھەممىسى خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، ھەممىسى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشلىرىنىڭ خىزمەت ئورنىدا سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىمەكتە. ئائىلىمىزدە نەۋرە-چەۋرىلەرنى قوشقاندا چوڭ-كىچىك 32 ئادەم بار. ھەممىمىز جەننەتتە ياشىغاندەك ياشاۋاتىمىز. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، روھىم چەكسىز ئىلھاملاندى. مېنىڭ ئېيتىمىز، ئون مىڭ ئېغىز سۆزۈمنى بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈننى قەدىرلەپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللەپ-ياشنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ليۇ تيېنيەن رەتلىگەن

1986 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر

# ئازادلىق ئارمىيە جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ئالدى-كەينىدە

### لياڭمىڭ

لياۋشېن، پىڭجىڭ، خۇيخەي ئۈچ چوڭ جەڭدىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ماكىمىيتى داۋالغۇپ لىڭشىپ قالغان غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. شىئەن، باۋجى، تيەنشۈي، لەنجۇ قاتارلىق ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، غەربىي ئىشلاردىكى مۇھىم شەھەرلەر كەينى-كەينىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، گېنېرال تاۋسىيۇ، رەئىس بۇرھان شەھىدىلەر ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، تارىخ ئېقىمىغا لايىقلىشىپ، 1949-يىلى 9-ئاينىڭ 25-ۋە 26-كۈنى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گارنىزون قوماندانلىق شىتابى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىقى، گومىنداڭنىڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بارلىق ئالاقىنى ئۈزىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ سېپىگە قايتىپ جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تېلېگرامما ئارقىلىق جاكالىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى.

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىدىكى نەتىجىسى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاب-ئوقۇ-

بەت چەكتۈرمەسلىك ئۈچۈن بۇ ئاۋۇن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي
قوماندانلىقىدا غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 1- بىڭتۇەنىنىڭ
قوماندانى ۋاڭجېن بۇيرۇقىغا بىنائەن 2 - ۋە 6 - جۈننى باش-
لاپ شىنجاڭغا كەلدى. 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى
ئازادلىق ئارمىيىنىڭ زور قوشۇنى جيۇچۈەن، جاڭيې قاتارلىق
جايلاردىن بىر قانچە يولغا بۆلۈنۈپ، غەربتە يۈمېنگۇەندىن
چىقىپ، شىمالدا شىڭشىڭشيانى كېسىپ ئۆتۈپ، بوران - چاپ-
قۇن، قار - شىۋىرغانلارغا قارىماي، ھەممىنى يېڭىپ جۇش-ۋۇش-
تەك ئىنقىلابىي جاسارەت بىلەن شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.
گوفېڭ، ۋاڭئېنماۋ يولداشلار 2 - جۈننى باشلاپ ئالدى بىلەن
قۇمۇلغا كېلىپ، ئاندىن قىزمۇلدىن ئۇدۇللا جەنۇبىي شىنجاڭغا
قاراپ يۈرۈش قىلدى. لو يۈەنفا، جاڭشيەنيۈ يولداشلار 6 -
جۈنگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئۈرۈمچىگە ۋە شىمالىي شىنجاڭ-
نىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كىردى. 2 - جۈن جيۇچۈەندىن يول-
غا چىقىپ، شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتىدا ئىككى پەلەمپەي قوشۇن
بولۇپ بۆلۈندى. قىسىم بويىچە جەمئىي 100 دىن ئارتۇق ئاپ-
تومو بىلنى يىغىپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ قىسىمنى غەربكە توشۇدى.
ئاپتوموبىل ترانسپورتىنىڭ كەم يېرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئار-
مىيىنىڭ باشلىقلىرى قىسىمدىكى بارلىق ئات، خېچىرلارنى تال-
لاپ، كۈچلۈك خادىملارنى ئەۋەتىپ، شىنى بىرلىك قىلغان خېچىر،
ئات چوڭ ئەترىتى قۇرۇپ پىيادە غەربكە يۈرۈش قىلىشنى قارار
قىلدى. ئاپتوموبىللارنىڭ سۈپىتى ناچار بولغانلىقتىن، قىسىملارنى
ئايرىپ كېلىشتە نۇرغۇنى بۇزۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رېمونت ما-
تېرىياللىرى كەمچىل، يول بويلىرىدىكى دائىي، يېقىلغۇلاردا قىي-
يىنچىلىق بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاپتوموبىل-

لار بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى. قوشۇن قۇمۇلغا كەلگەندىن
كېيىن، ئاپتوموبىل ترانسپورتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈ-
رۈش قىلىش ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئورۇنلاش ناھايىتى قىيىن-
غا چۈشكەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭدا قەشقەر،
خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، قارا شەھەر قاتارلىق بەش مەمۇرىي
رايون، 35 ناھىيە بار ئىدى. قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ
سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مەدەنىيەت مەركىزى، جۈملە-
دىن دۆلەت مۇداپىئەسىدىكى ستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي ئى-
دى. قىسىم قارا شەھەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىڭتۇن
باشلىقلىرى قەشقەرگە پىيادە يۈرۈش قىلىشقا يوليورۇق بەردى.
قىسىم تولۇق سىياسىي سەپەرۋەرلىك ۋە نۇرغۇن كونكرېت تە-
ييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، قىسىمنىڭ كەيپىياتىنى
تۇراقلاشتۇرۇپ، كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ شان - شەرەپ تۇيغۇ-
سىنى ئۇرغۇتۇپ، قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئىرا-
دىسىنى كۈچەيتتى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنىڭ
ئىلھامى بىلەن بارلىق كوماندىر جەڭچىلەر ئىنتايىن شادلىق-
قا چۆمۈپ، يول بويى ناخشا ئوقۇپ، شوئار توۋلاپ قەھرىمانە
ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. جەزىرىدىكى
يىرنىڭ شېغىل-تاشلار جەڭچىلەرنىڭ پۇتىنى قاپارتىۋەتكەن بول-
سىمۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن جەڭچىلەرنىڭ قەدىمىنى توخ-
تىتىپ قالالمىدى. 2 - جۇندىن ئالدىن ئېۋەرتىلگەن قىسىم 4 -
ئايدىكى كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەر يۈكسەك ئىنقىلابىي جاسارەت،
پولاتتەك ئىنقىلابىي ئىرادە بىلەن دالىدا ئوزۇقلىنىپ، دالىدا
يېتىپ قوپۇپ، شىۋىرغانلىق قاتتىق سوغۇقتىن، ئۇزۇن يول مې-
ڭىشتىن قورقماي، ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم

شەھەر قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ پۇتلىرى قاپارغان. بەزىلىرىنىڭ پۇتلىرى قاپىرىپ ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ. لېكىن ئۇلار قىزىل ئارمىيىنىڭ قارلىق تاغ. سازلىقتىن ئۆتكىنىدەك جاپا-مۇشەققەتكە چىداش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ يول يۈرۈشتە مۇسابىقىلاشتى. مۇشۇ شىنىڭ 17 - تۈەن 7 - لىيەن 4 - بەنىنىڭ بەنجاڭى زېلىڭفايۇ بىر يېنىڭ پىلىموتىنى كۆتۈرۈپ يول يۈرۈپ، باشقىلار بىلەن ئالمىشىشقا ئۇنىمايدۇ. ياشىنىپ قالغان ئېشپەز شياۋلىيەنزېلىڭ بىر كۈنى 6 - لىيەندىكى تېپىنى ئاچېرز جەڭچىنىڭ بەش تال مىلتىقىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدۇ. ئىككىنچى كۈنى 120 چاقىرىم مۇساپە يۈرۈشتە 4 - لىيەندىكى يارىدار جەڭچىلەرنىڭ بىر تال مىلتىقىنى، ئىككى تال ئاپتوماتىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدۇ. ئومۇمەن ئۇلار مەيلى كۈندۈز ياكى كېچە بولسۇن، ھەربىي يۈرۈش قوشۇنىدا بىرەرسىمۇ قوشۇندىن ئايرىلىپ قالمىدى ياكى چۈشۈپ قالمىدى، ھەممىسىنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، كۈرەش ئىرادىسى ئۇرغۇپ تۇرغانىدى. 26 كۈنلۈك پىيادە يۈرۈش ئارقىلىق 2390 چاقىرىم ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، ئاخىرى 1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەدىمكى شەھەر-قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، ئەللىك - ئاتمىش مىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. كېيىن 4 - شىغا قاراشلىق ئورۇنلار ۋە 14 - تۈەن قەشقەرگە ئورۇنلاشتى. 12 - تۈەن مارالبېشى، پەي-

زاۋاپ. يوپۇرغا قاتارلىق ئورۇنلارغا جايلاشتى. 11 - تۈمەن يەكەندە جايلاشتى. بۇلاردىن ئۆلىشىپلا ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ۋە جۇڭگو بىۋاستە قاراشلىق 1 - بۆلۈمى 12 - ئاي-نىڭ 1 - كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

ئارقىدىنلا، تاللانغان مۇنەۋۋەر قىسىم پامىرنىڭ بوران - چاپقۇن، قار - شىۋىرغانلىرىغا قارىماي، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىغا يۈرۈپ كەت-تى. كونا جۇڭگودا ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۆلەت چېگرا سىزىقى ئەمەلىيەتتە چېگراسى بار، مۇداپىئەسى يوق ھالەتتە ئىدى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى دۆلەت چېگرا سىزىقىغا بارىدىغان بارلىق تاغ ئېغىزلىرىنى ئىنقىلاب چىقىپ، چېگرىنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى. يۇقىرى چاستوتىلىق سىمسىز تېلېگراف، چېگرا قاراۋۇلخانىسى قاتارلىق-لارنى قۇرۇپ، ۋەتەننىڭ غەربىي شىمال چوڭ دەرۋازىسىدا بىر پولات ئىستىھكام قۇرۇپ چىقتى.

2 - جۈننىڭ 5 - شىسىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار، جۈملىدىن 14 - تۈەنى قارا شەھەردىن پىيادە يۈرۈش قىلىپ، 1949 - يىلى 12 - ئايدا ئاقسۇغا ۋە ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كەل-دى. ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان ھەقىقەتكە قايتقان قىسىم 65 - بى-رىگادىدىكى كەلكوماندىر - جەڭچىلەر ھەقىقەتكە قايتىشنى ھى-مايە قىلىپ تىنچلىققا تەشنا ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرىگادا باشلىقى لى زۇتاڭ يۈرۈش-تۇرۇشى سىرلىق، ھىيلىگەر ۋە بەكمۇ

كوماندىرلىق ئاددىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭ پارتكومى 5 - شى-
نى ئۆزگەرتىشنى، 5-تۈەننى، خوتەنگە ئاتلىنىشنى، 5 - شىنىڭ
ئاساسلىق كۈچىنى ئۆزگەرتىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈ-
گۈنى بولغان ئاقسۇ ئەتراپىدا تۇرغۇزۇشنى قارار قىلدى. ئۇ-
لار ئاتا باغلىقىنى مۇستەھكەملەش، ئىشلەپچىقىرىشتا قاتنىشىشتىن
باشقا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئامما-
نى تەشكىللەپ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جىنايى سۈيىقەستىنى پاش
قىلىش، كەمبەغەللەردىن ھال-ئەھۋال سوراش، ئاممىنىڭ يۇرت-
ماكانلىرىنى قايتىدىن قۇرۇشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق ۋە-
زىپىلەرنى زىممىسىگە ئالدى. 5 - شى 15 - تۈەندىكى كو-
ماندىر - جەڭچىلەر قارا شەھەردىن ئاقسۇغا كەلگەندىن كې-
يىن، ئاقسۇدىن پىيادە يولغا چىقىپ مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ
چوڭ بولغان تەكلىماكان قۇملۇقىنى پىيادە توغرا كېسىپ ئۆ-
تۈپ، خوتەنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇلار ئارمىيىمىزنىڭ
جاپا-مۇشەققەتكە چىداش ۋە سىنىپىي مېھرىبانلىق روھىنى جا-
رى قىلدۇرۇپ، قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 30 كۈن
يول يۈرۈپ، 2979 چاقىرىم مۇساپىنى بېسىپ، 12 - ئاينىڭ
22 - كۈنى غەلىبىلىك خوتەنگە يېتىپ بېرىپ، 30 مىڭدىن
ئارتۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ قىزغىن قار-
شى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇلار خۇددى ئاسماندىن چۈش-
كەن پەرىشتىلەردەك. دۈشمەنلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ

كۆتۈرۈش پىلانىنى ئۆز ۋاقتىدا بەجىتچەجىت قىلدى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانە ئىش ئىزلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش مىنىمۇ بۇنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

2 - جۇننىڭ 13 - تۇەنى 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈندىن باشلاپ كۈچاغا كىرىشكە باشلىغانىدى. ئۇندىن باشقا 2 - جۇننىڭ قورۇلۇش تۇەنى 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا چىلك. بۈرىتالا ناھىيىلىرىگە يېتىپ كەلدى. ئاپتوموبىل قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن 6 - شى ۋاقتىدا شىنجاڭغا كىرەلمىدى. ئۇلار يۈمەن. شىنىڭلەردە قىشنى چىقىرىپ. 1950 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاندىن ھەممىسى قاراشەھەر، كورلا. بۈگۈر ناھىيىلىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. 6 - شىنىڭ ئاتلىق تۇەنى 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى؛ 5 - شىنىڭ مۇستەقىل تۇەنى چاقىلىق ناھىيىسىگە كەلگەندىن كېيىن، داۋاملىق پىيادە يۈرۈش قىلىپ، 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چەرچەن ناھىيىسىگە يېتىپ باردى. بۇندىن باشقا، پۈتۈن ئارمىيىدىكى 2350 تۇياق ئات - ئۇلاغنى جيۇچۈەندىن شىنجاڭغا يېتىلەپ ئەكەلدى. بۇنىڭدىن 4 - شىنىڭ ئات - خېچىر چوڭ ئەترىتىدە جەمئىي 521 تۇياق ئات، 295 نەپەر خادىم بولۇپ، ئۇلار 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جيۇچۈەندىن يولغا چىقتى، 86 كۈن يول يۈرۈپ 5675 چاقىرىم مۇساپىنى بېسىپ، قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

ئۈچ يارىدار قومۇل ۋە ئۇرپاندا دەم ئېلىشقا قالدى. ئۈچ ئات كېسەل بولۇپ ئۆلدى. توققۇز ئات، بىر ئېشەك كېرەكتىن چىقتى. قالغان ئادەم، ئات، ئۇلاغلارنىڭ ھەممىسى 1950- يىلى 1- ئاينىڭ 3- كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. باشقا شېدىكى ئات - ئېشەكچۇك ئەترەتلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاساسەن مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ھەقىقەتكە قايتقان ئەسكەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش — شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم ۋەزىپە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئازاتلىق ئارمىيە جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىش سەپىرىدە، قوزغىلاڭ كۆتەرگەن قىسىمغا داۋاملىق ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ ماڭدى، ئۇلارغا سىياسەتنى تاپشۇرۇپ، نىشاننى كۆرسىتىپ بەردى. ئۆزلىرىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق، ھەققەتكە قايتقان قىسىمنىڭ روھىي جەھەتتىكى قورقۇنچىسىنى ۋە گۇمانىنى چىقىرىپ تاشلىدى. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت جەريانىدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلىرى ۋە ھەر خىل ئىغۋا-پاساتلىرى بىتچىت قىلىندى. ھەققەتكە قايتقان قوشۇننىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىدى، خەلق مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان ئىشلار يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

كۆزلىگەن ئورنىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىسىم دەرھال بىر قىسىم كادىرلارنى ئاجرىتىپ، ھەققەتكە قايتقان قى-

سىمنى ئۆزگەرتىش ۋە تەرتىپكە سېلىپ تەشكىللەش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئۇلار ھەقىقەتكە قايتقان كوماندىر - جەڭچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، دەرت تۆكۈش دېموكراتىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، ئىشپىيونلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئەكسىيەتچىل ئىدىيە ۋە سۆز-ھەرىكەتلەرنى تەنقىد قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمنىڭ سىياسىي ئېڭىنى يۇقىرى كۆتەردى. شۇنىڭ ئاساستا، پارتىيە تەشكىلى ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش يولىدىكى بىر يۈرۈش تۈزۈملەر تەدرىجى تۇرغۇزۇلدى. پارتىيىنىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق ھەقىقەتكە قايتقان قىسىم شەكىل جەھەتتە خەلق تەرەپتە تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىدىيە جەھەتتىمۇ خەلق تەرەپتە تۇردى.

2- جۇڭگە بىۋاستە قاراشلىق توپچىلار تۈەنى. تەلىم-تەربىيە تۈەنى ۋە ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ بىر قىسمى، سەھىيە بۆلۈمىنىڭ كۆپ قىسمى تۇرپاندا قىشنى ئۆتكۈزدى. 1950-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى تەلىم-تەربىيە تۈەنى پىچاندىن يولغا چىقىپ، پىيادە 38 كۈن يول يۈرۈپ، قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار جەمئىي 3306 چاقىرىم مۇساپىنى باستى. توپچى تۈەن ۋە ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ 1- بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمىنىڭ زور كۆپچىلىكىمۇ پىچاندىن پىيادە يولغا چىقىپ، 1950-يىلى 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت مۇشەققەتلىك ۋەزىپە تاماملاندى.

ئازادلىق ئارمىيە تېز يۈرۈش قىلغانلىقتىن، چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بەرمىدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ئىجتىمائىي ئامانلىق مۇقىم بولدى ۋە شۇندىن كېيىنكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى تۇرغۇزۇشقا ياخشى ئاساس سېلىندى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشتىكى غەلىبىسى-پارتىيەمىز، ئارمىيىمىزنىڭ غايەت زور كۈچ-قۇدرىتىنى تولۇق نامايەندە قىلدى. ۋەتەن زېمىنىنىڭ بىر پۈتۈنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش ئۈچۈن پۈتۈن قىسىمدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر زور تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

(بۇ ماقالە 2-جۇڭ پارتكومىنىڭ «ئازادلىق ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خىزمىتىدىن خۇلاسە» سى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن رەتلەپ چىقىلدى).

# «ما ئائىلىسى باغچىسى» نىڭ گۇمران بولۇشى

## ۋاڭ لىڭ

مافۇشىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا «قىرىق يول» لەڭگىرى، يې-
ڭىشەھەر ئىچى، ساۋخۇ قاتارلىق جايلارغا 3 ئوردا ياساتقان.
ساۋخۇدىكى ئوردا شۇنىڭ ئىچىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىرسى ئىدى.
كىشىلەر ئۇنى «ما ئائىلىسىنىڭ باغچىسى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ
ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 3-شى 41-تۇەننىڭ ئورنىدا بولۇپ،
1949-يىلى 11-ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون ساۋخۇ-
غا بوز يەر ئېچىشقا ئادەم ئەۋەتكەندە بۇ ئوردىنىڭ كەڭلىكى
6 مېتىر، ئېگىزلىكى 4 مېتىر كېلىدىغان سېپىل تېمى تېخى ساق-
لىنىپ قالغان. كۆلىمى تەخمىنەن بىر كۇۋادرات كىلومېتىر
كېلەتتى. سېپىلنىڭ شىمالىي تېمىدا 4 مېتىر كەڭلىكتە بىر يو-
چۇق بولۇپ، سېپىل ئىچىدە قۇرۇپ قالغان كۆل. كۆلنىڭ قىر-
غىقىدا يوغان بىر تۈپ ئۈجمە بار، ئەتراپىنى ھەر خىل ئوت-چۆپ
بېسىپ كەتكەن. ياۋايى توشقانلار چېپىشىپ يۈرگەن، تۇتاش
جاڭگال ئىدى. شۇ چاغدىكى خارابە قالدۇقى دۈۋىلىشىپ 2 قە-

ۋەت بىنا ئېگىزلىكىدە دۆڭ ھاسىل بولغان، دۆڭلۈكنىڭ چۆرى-
سى ئويمان، شورلۇق كۆلچەك، يېكەن-قومۇشلۇق ئىدى.

1950-يىلى 3-ئايدا دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش جەر-
يانىدا مەلۇم بولۇشىچە، «ما ئائىلىسى باغچىسى» نىڭ ئالدى-
ئارقىسى، غەربىي-شەرقىي ھويلىلارغا بۆلۈنىدىغانلىقى، ئالدى
قورو تەخمىنەن بىر يىلىك ئەسكەر سىغقىدەك كازارما بولۇپ،
ئۇ ئوردىنى قوغداش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان. ئارقا ھويلا يا-
تاق بولۇپ، روشەنكى ما فۇشىڭنىڭ ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇش
كەچۈرىدىغان جايى ئىدى. غەربىي شەرقىدىكى قورولارغا قول-ھۈنەر-
ۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى جايلاشقان. پۈتۈن قۇرۇلۇش پۇختا ۋە
بۆلەكچە ياسالغان. ئۇز ۋاقىتتا توپا ئارىسىدىن قېزىپ چى-
قىرىلغان چوڭ-كىچىك سۇ كۆپلىرى، ساپال قاچا-قو-
مۇچلار، ئەينەك، چىنە ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا،
ئەينى زاماندا «ما ئائىلىسى باغچىسى» دا ھاراق، جاڭيۇ،
سىركە (ئاچچىقسۇ)، دوفۇ ئىشلەيدىغان، ماشىنىچىلىق، تېرە-خۇ-
رۇم ئىشلەيدىغان كارخانىلار بار بولۇپ، بۇ بىر ناتۇ-
رال ئىگىلىكتىكى فېئوداللىق جۇاڭيۈەن (قورۇق) ئىكەنلىكىگە
ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

مەيدان قۇرۇش ئۈچۈن يەر تۈزلەش جەريانىدا، 2000
كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق چوڭ قورام تاش، قۇرۇلۇشنىڭ
1.20 مېتىر چوڭقۇر ئۇلىدىن 10 × 20 × 40 سانتىمېتىر چوڭ-

لىقتىكى 2 مىليون دانىدىن ئارتۇق كۆك خىش قېزىپ چىقىرىلغان.
خارابىلىقنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا، بۇ قورۇلۇشنى كەم دېگەن-
دە 10 مىڭ ئادەم 3 يىلدا ئاران پۈتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن.
مۇردىنىڭ يەر ئاستى ئۆيلىرى پۈتۈنلەي قورام تاش. كۆك
خىش بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئالدىدىكى كازارما بىلەن
ئارقا قورۇنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرغان. يەر ئاستى قۇرۇلۇشى
ئاھاك، لومبي (بىر خىل كۆرۈچ) شېخىل تۇم ئارىلاشتۇرۇلغان
لايدا ناھايىتى مۇستەھكەم ياسالغان.

«ما ئائىلىسى باغچىسى»نى بىر تەرەپ قىلىش جەريا-
نىدىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىك 3-شىدىن ئىمىرب-
ئەر خې جيا يىنىڭ قارىشىچە، مۇردىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكى پا-
كىت (ئەمەلىيەت). ئەمما باشقىلار تەرىپىدىن ئوت قويۇپ
كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى ناتايىن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، «ما ئائى-
لىسى باغچىسى»غا بىر موزدۇز ئوت قويۇپ ۋەيران قىلغان دې-
گەن سۆز-چۆچەك، ئېھتىمال كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى بولۇشى مۇم-
كىن. لېكىن بۇنداق ئېھتىماللىق ناھايىتى ئاز. چۈنكى بۇن-
داق كەڭرى كەتكەن مۇردىنى بىر تۇتام ئوت بىلەنلا تامامەن
كۆيدۈرۈپ كۇمران قىلىۋېتىش تەس. قېزىۋېلىنغان تام خارا-
بىسىدىن قارىغاندا، ئەسلىدە زەمبىرەك ئوقى بىلەن كۇمران
قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئېيتىلىشىچە، ماشاۋۇ، مافۇشىڭنى تۇ-
تۇش ۋاقتىدا، زەمبىرەكچىلەرنى ئىشلىتىپ، «ما ئائىلىسى باغچى-

سى»نى قورشاۋغا ئالغانىدى. ئوردىنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلارنىڭ-
گەز سېپىل، ئىچكىرى ھويلىلاردىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆر-
سەتكەنىكەن. شۇڭا، «اۋخۇدىكى ھەمما ئائىلىسى باغچىسى»نى
بىر موزدۇز ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن دېگەندىن كۆرە، ما-
شاۋۇۋنىڭ زەمبىرەكچىلىرى تۈزلىۋەتكەن دې-
گەن تۈزۈك.

# 30- يىللاردىن تارتىپ 40- يىللارنىڭ باشلىرىغىچىلىك بولغان قەشقەر - سوۋېت سودىسى

قەمەرجان

قەشقەر ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرىسىدىكى سودا شەھىرى. ھىندىستان (ئاساسلىقى كەشمىر رايونى)، ئافغانىستان (ئاساسلىقى باداخشان رايونى)، جۇملىدىن سوۋېتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى قەشقەر بىلەن سودا سېتىق. باردى-كەلدى قىلغان. بولۇپمۇ قوقان، ئەنجان قاتارلىق جايلارنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇق. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 10- يىلى ( 1860 - يىلى ) چار پادىشاھى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى «جۇڭگو-چار روسىيە بېيجىڭ قوشۇمچە شەرتنامىسى» دىن ئىبارەت تەڭسىز شەرتنامىغا قول قويۇشقا زورلاپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى چارروسىيىگە قەشقەرنى سودا شەھىرى قىلىپ ئېچىۋېتىشكە مەجبۇرلىغان. دېمەك، بۇنىڭدىن قەشقەرگە بولغان سودىنىڭ چارپادىشاھىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

1934- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى ئېلان قىلغان تاشقى سودا قائىدە- قانۇنىغا ئاساسەن، قەشقەرنىڭ سوۋېتكە ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلىرىنى ساۋسىنتۇرك (سوۋېت- جۇڭگو يەرلىك مال سودا شىركىتى) قەشقەر شۆبىسى، تۈرى، سانى، باھاسىنى بېكىتىپ، ئاندىن گاۋيۇچېك رەھبەرلىكىدىكى ۋىلايەتنىڭ باج ئىدارىسى پىلان تۈزۈش، ئېكسپورت قىلىدىغان بۇ ماللارنى بىر- بىرلەپ تىزىمغا ئېلىپ، باجنى بېكىتكەندىن كېيىن، قەشقەر سودا شۆبە شىركىتىنىڭ يۆتكەش-توشۇش پونكىتىغا تاپشۇرۇش، پونكىت بۇ ماللارنى، ئات-ئۇلاغلاردا ئارتىپ ئەركەشتام چېگرىسىدىن سە- رتقا چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان.

قەشقەردىكى سودا ساناتچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى توختى موللا ھاجىنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، 1934- يىلى قەشقەردە جەمئىي 12 چوڭ شىركەت بولۇپ، بۇ شىركەتلەرنىڭ ناھىيىلەردە ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى بولغان. چوڭ شىركەتلەر 40- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بىۋاستە سودا-تىجارەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان.

شىركەتنىڭ نامى ۋە رەھبەرلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئىتتىپاق شىركىتى: دىرېكتورى- ئىمىنھاجى، ئاتۇشلۇق. شىركەتتە 30 دىن ئارتۇق (ئۇيغۇر) خىزمەتچى خادىم بولغان.

ئازاد شىركىتى: دىرېكتورى-رەخمەتۇللا كېرىموپ، شىركەتتە
16 دىن ئارتۇق خىزمەتچى خادىم بولغان.

ئىتتىقاد شىركىتى: دىرېكتورى مۇسىيىن، ئاتۇشلۇق. شىر-
كەتتە 6 ـ 7 كىشىچە خىزمەتچى خادىم بولغان.

4ـ شىركەت (شىركەتنىڭ نامى ئېسىمدە قالماپتۇ. بىزەن-
دىكىلەر دەپ شۇنداق): دىرېكتورى-ئابدۇراخمان ئۆزچەيجى، ئا-
تۇشلۇق. شىركەتتە 7ـ 8 كىشىچە خىزمەتچى خادىم بولغان.

5ـ شىركەت: دىرېكتورى-ياقۇپ ھاجىم، شىركەتتە 6ـ 7
كىشىچە خىزمەتچى خادىم بولغان.

6ـ شىركەت: دىرېكتورى-تىلىۋالدى موللام، توختى مول-
لا ھاجىم.

7ـ شىركەت: دىرېكتورى - سۇلايمان، گاۋشىڭۋاڭ
(خەنزۇ).

8ـ شىركەت: دىرېكتورى- مەتنىياز مەخسۇم، پەيزاۋاتلىق.

9ـ شىركەت: ياشلار شىركىتى.

10ـ شىركەت: دىرېكتورى-مەمەتمەمەتخان ھاجىم يېڭىشە-
ھەر ناھىيىلىك كىشى.

11ـ شىركەت: دىرېكتورى-جېلىل ئابدۇللا. شىركەتتە 10
خىزمەتچى خادىم بولغان.

12ـ شىركەت: دىرېكتورى-قادىر سەيدىن، پەيزاۋاتلىق

(قادىر شەيتان). يېقىنقى 12 شىركەت ئىچىدە، ئالدىنقى
3 شىركەت ئاساسەن ئاشلىق، ماي سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان،
قالغان 9 شىركەت يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تىجارىتىنى
ئاساس قىلغان.

«ۋىلايەتلىك ئارخىپ ماتېرىيالىنىڭ 94- توپلىمى»دا
خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا قەشقەرنىڭ سوۋېتكە قارىتا سودا
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ترانسپورت ئىقتىدارى جە-
ھەتتە: 1275 تۆگە، 24 ئېشەك، قوش ئاتلىق ھارۋىدىن 48، 35
كالا، 20 خېچىر، 240 ئاپتوموبىل قاتارلىقلار بار بولغان. ئۇ-
لاغ ترانسپورتى بىلەن پەقەت 5 ئايلا قاتنىيالىغان، ئاپتو-
موبىل يىلبويى قاتنىيالىغان. ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار-
لار: ھەر خىل تېرە، يۇڭ، تىۋىت، خام يىپەك، كىگىز، پاختا،
زاراذرا، جۇۋىلىدىن ھەر خىل قۇرۇق مېۋىلەر ئىدى. سېتىۋې-
ۋېلىپ ئەكەلگەن يەرلىك ئالاھىدە، مەھسۇلاتلارنى ئاددىيغىنا
ئىش توشۇپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئاندىن ئوراپ ساندۇققا قا-
چىلاپ توشۇغان. سوۋېتتىن ئالماشتۇرۇپ كەلگىنى ئاساسەن
قەشقەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان كۈندىلىك
تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان تۈرلۈك مال ھەمدە ئاددىي ئىشلەپچىقى-
رىش سايمانلىرى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇڭ رەخت، يىپرەخ،
كىيىم-كېچەك، باش ياغلىق، تۈرلۈك ئاياغ، پايپاق، سەرەڭگە،

چاقماق، قەن، قازان، چەلەك، سىرلىق قاچا، ھاراق، تاماكا، سابان، سېمىيالىكا، ئۈزۈمچىلىكا، مەملىكەتچىلىق، دورا، داۋالاش سايمانلىرى، بوياق ماتېرىياللىرى، تاماق سايمانلىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. «ۋىلايەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىڭ 94-توپلىمى»دا خاتىرىلىنىشىچە، 1935-يىلىدىن 1940-يىلىغىچە قەشقەرنىڭ ئېكسپورت سودا قىممىتىنى يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 85 مىليون 600 مىڭ يۈەن، فرانسىيە پۇلىغا 428 مىليون بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سودا ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 28 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

1941-يىلىدىن كېيىن، شىڭ شىسەي سوۋېتتىن يۈز ئۆرۈدى ۋە سوۋېت بىلەن مۇناسىۋىتى ياماناشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سوۋېت بىلەن بولغان سودىسى ئۈزۈلدى. قەشقەردىكى 12 چوڭ شىركەتمۇ بىر-بىرلەپ تاقالدى. سوۋېتپەرەست بىر قىسىم خوجايىنلارمۇ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. شىڭ شىسەينىڭ تەتۈر يول تۇتۇشى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدىكى قالايمىقانچىلىقنى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە، پۇلنىڭ پاخاللىشىپ كېتىشىگە ئېلىپ باردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەشقەرلىك بىر سودىگەر خوتەندىن 102 پارچە گىلەمنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بارغان ھەمدە ياخشى باھاغا سېتىشنى ئاللادىن تىلىگەن. كىم بىلسۇن، بۇ گىلەملەرنى ساتقان پۇلغا ئاران ئىككى قاپ تاماكا كەلگەن. نەتىجىدە ئۇ سودىگەر ئۆيىگە قايتاي دېسە يول كىراسىغا پۇل تاپالماي ئاخىردا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئېيتىلىشىچە، يەنە بىر قاساپ چارۋىچىلاردىن 10 قوي سېتىۋېلىپ سويۇپ ساتقان، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن

كېيىن گۆش ساتقان پۇل پەقەت بىر قوينىڭ پۇتىنى (سانىنى) سېتىۋېلىشقا يارىغان. قاساپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، بىر تۇتام قەغەز پۇلنى ئىنچىكە يىپ بىلەن بىر ئىتنىڭ بويـ نىغا باغلاپ، ئىتنى يېتىلەپ بازاردا سازايى قىلغان. غەزەپـ تىن ساراڭ بولۇپ قالغىلى تاس قالغان. سوۋېت بىلەن بولـ غان سودا ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن. بەزى سودىگەرلەر ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن سودا ـ سېتىق ئېلىپ بارغان.1942-يىلىدىن 1943- يىلىغىچە قەشقەرلىك سودىگەر ئەمىر باي ئابدىكېرىم، ئەلۋاكان قاتارلىقلار ئەنگلىيىلىك سودىگەرلەر بىلەن ئوغۇرلۇقـ چە ئالاقىلىشىپ، قەشقەرنىڭ نېشە، ئالتۇن، ئاق قاشتېشى قاتارلىق ماللىرىنى چېگرا توساق چازىسىغا ئاپىرىپ، كەشمىرـ گە ماڭىدىغان سودا يولى ئارقىلىق ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا ئاپارغان، چەتئەل سودىگەرلىرى بۇنىڭدىن ئەتكەسچىلىك قىلىپ مىلتىق ـ ياراقنى مالنىڭ ئارىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ قاچىلاپ قەشـ قەرگە ئەكىلىپ ھەربىي ئوق ياراقنى سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان.


ئەنگلىيىنىڭ تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق ۋاكالەت باشقارـ مىسىدىكى ئەمەلدارلار بۇ خىل سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان.

# خاتىمە

«قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ بىرىنچى توپلىمى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتى بىلەن سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ھەيدەكچىلىكى بىلەن تۈزۈپ چىقىلدى. تۈزۈپ چىقىش جەريانىدا بىز نۇرغۇن پېشقەدەم يولداشلار ۋە پېشقەدەم ئەجدادلارنىڭ قوللىشىغا، بولۇپمۇ ماقالە بىلەن تەمىنلىگەن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتۇق. قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانا، ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقارمىسى، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن بىزگە كۆپ ياردەم بەردى. بۇ كىتابنى نەشر قىلىش جەريانىدا «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى ۋە باسما زاۋۇتىدىكى يولداشلار بىزنى قوللاپ، زور كۈچ بىلەن ھەمكارلاشتى. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرىي يولداشلار ۋە ئورۇنلارنىڭ غەمخورلۇقى، قوللىشى ۋە ياردىمىگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئىزھار قىلىمىز.


# قەشقەر شەھەرىنىڭ مەدەنىي رايونلارغا بۆلۈنۈش خەر

1 : 50000





## مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ نامى

| | |
|---|---|
| I | ھېيتگاھ مەيدانى |
| II | خانلىق مەدرىسە |
| III | ئاپاق خوجا مازىرى، ئىسا خوجا [illegible] |



قومالتاغ
ئايرودروم رايونى
ئۈرۈمچى – قەشقەر تاشيولى
ياۋلىق
كونشەھەر
نەزەرباغ



قەشقەر مىللى سودا سارىيى
لى خۇڭتەي فوتوسى